مەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدىن، جازا لاگېرى شاھىدى قەلبىنۇر سىدىق بولىمەن. مەن ئۈرۈمچى شەھرىدە تۇغۇلۇپ، ئۈرۈمچى شەھرىدە چوڭ بولۇپ، شۇ يەردە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يەردىكى 24- باشلانغۇچ مەكتەپتە خىتاي تىلى دەرسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شۇ يەردە 28 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 2018- يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنى مەجبۇرى ئالدىنئالا پېنسىيەگە چىقىرىلدىم. 2019- يىلى 10- ئاينىڭ 9- كۈنى گوللاندىيە دۆلىتىگە قىزىمنىڭ يېنىغا كەلدىم. قىزىم بىلەن كۆرۈشۈپ، سالامەتلىكىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە، 2016- يىلى 9- ئايدا بىزنىڭ مەكتەپتە تۇيۇقسىز ئوقۇتقۇچىلاردىن خەنزۇچە ئىمتىھان ئېلىش باشلاندى. ئەمما بۇ ئىشلار بىزنىڭ مەكتەپتىلا ئەمەس پۈتۈن شەھەرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ كەتتى بۇ ئىشلار. تۇيۇقسىزلا پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلاردىن خىتاي تىلىدا ئىمتىھان ئېلىش بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاش بولدى. باھالاش دېگىنىمىز قانداق دىسىڭىز: ئوقۇتقۇچىلارنى خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتكۈزدى، بۇنى ئوچۇق دەرس دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئوچۇق دەرسلەرگە يەتتە سەكىز خىتاي مۇئەللىملەرنى باھالىغۇچى قىلىپ ئېلىپ كىلىدۇ. ئۇلار ساقلىغاچ، سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلىغاچ بىزنىڭ دەرسلىرىمىزنى باھالايدۇ. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن بىزنى سۆزلىتىدۇ دەرس لايىھەسى توغرىسىدا. ئاشىنداق قىلىپ بۇ 2016-يىلى 9- ئاي بىر مەۋسۇم پۈتۈنلەي ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈش، شاللاش، سىناش، باھالاش ئىشلىرى بولدى. ئون نەچچە قېتىم ئىمتىھان ئېلىندى پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلاردىن . ھەتتا ئانا تىل دەرسى ۋە باشقا پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىدىنمۇ خىتاي تىلى دەرسى ئىمتىھانى ئېلىندى. بۇنىڭغىمۇ خىتاي كومىسسىيەلەر كىردى. ئون نەچچىدەك خىتاي بار تېخى، ئاشۇنداق بولدى. 2016- يىلى بىر مەۋسۇم پۈتۈن موشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندۇق. شۇنىڭ بىلەن 2017- يىلى كەلگەندە، بىزنىڭ يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىمىز 2- ئايدا باشلىنىدۇ. 2- ئاينىڭ 26- كۈنى مەكتەپتە ئىشقا چۈشتۇق. ئىككى كۈن تازلىق قىلىپ، دەپتەر-كىتاپ، ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قىلدۇق. 2- ئاينىڭ 28- كۈنىگە كەلگەندە بىز پۈتۈن خىزمەتلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، نۇرمال دەرسكە تەييارلىق قىلىدىغان ۋاقتىمىزدا 28- چىسلا چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپ مۇدىرى ماڭا تېلېفۇن قىلىپ، «دەرھال ئىشخانىغا كىرسەڭ بوپتىكەن، موھىم ئىش بار» دىدى. ھە دەپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم، چۈشتىن كېيىن بىر يېرىمدا سايباغ رايۇنلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پارتكوم ئىشخانىسىغا يىغىنغا بارىدىكەنسەن، ساڭا موھىم يىغىن بار ئىكەن دېدى. مەن نېمە يىغىن ئىكەن دېسەم، ئۇقمايمەن، ماڭىمۇ دېمىدى، ئاشۇ يەرگە بارساڭ بولىدۇ دېدى. ئادەتتە بىزنى يىغىنغا ئەۋەتسە، نېمە ئۈچۈن سورايمىز دېسىڭىز: چۈنكى مەن مەكتەپتە مەكتەپنىڭ كادىرلار خىزمىتىنى تۇتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارخىپ خىزمىتىنى تۇتىمەن. ئاندىن يەنە مەكتەپتە خىتاي تىلى «جاۋيەن زۇجاڭى» (教研组长) تەتقىقاتى ئىشخانىسى گۇرۇپ باشلىقى، ئىككى سىنىپ خىتاي تىلى دەرسىگە كىرىمەن. موشۇنداق ۋەزىپىلىرىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى يىغىنغا ئورۇنلاشتۇرسا «نېمە يىغىن» دەپ سورايمىز. مەسىلەن، ياكى كادىرلار خىزمىتىگە دائىر يىغىن كەلسە شۇ يىغىنغا دائىر خاتىرە ئېلىۋالىمىز. ئەگەر «ئارخىپ خىزمىتى» دېسە ئارخىپ خىزمىتىگە دائىر خاتېرە ئالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال سورايمەندە «نېمە يىغىن» دەپ. مەن ئۇقمايمەن، سەن چۈشتىن كېيىن بارساڭلا بولىدىكەن دېدى. مەن بىر يېرىمغا ئۈلگۈرۈپ باردىم. ئۇ سايباغ رايۇنلۇق مائارىپ بىناسى خۇڭشەن (红山)، قىزىل تاغ دەپ قويىمىز. ئۇدۇلدا گېزىتخانا بار، گېزىتخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇ بىنا. شۇ يەرگە بىر يېرىمدا كەلدىم يىغىنغا. پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم. ئۇ يەردە بىزنىڭكى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پارتېكوم سېكرتارى سۇڭلىيىڭ، سۇڭ سېكرتار دەپ قويىتۇق. شۇ سۇڭلىيىڭ بىزگە يىغىن ئاچتى. ئۆزىنىڭ ئىككى خىزمەتچىسى بار، يەنە ئۇ يەردە يەتتە سەككىز خىتاي مۇئەللىم، مەن، يەنە بىر ئۇيغۇر بالا بار ئىكەن،88 دىن كەلگەن بالا، ئۇمۇ خىتايچىدا ئوقۇغان.

بىزگە يىغىن ئاچتى. بىزگە دەسلەپتە يىغىن ئاچقان ۋاقتىدا، «يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنى باشلىۋالدۇق. بىز سىلەرگە بىر تۈركۈم ساۋاتسىزلارنى يىغىپ بەردۇق، سىلەر ئەتىدىن باشلاپ، يەنى 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ شۇ يەرگە، يەنى ئۆزلۈكلار بىكىتىلگەن يەرلەرگە، ساۋاتسىزلارغا دۆلەت تىلىدا دەرس ئۆتىسىلەر» دېدى. شۇنداق ئۇقتۇردى ۋە ھەر بىرىمىزگە ئۈچتىن كىتاپ بەردى. ئۈچ قىسىم كىتاپ ئىدى بۇ. «قوش تىل مائارىپى مەخسۇس دەرسلىكى» كىتابى ئىكەن ئۇ ئۈچ قىسىم، 1-، 2-، 3 – قىسىم دەپ. بۇ ئۈچ كىتابنى بەردى ۋە بىردىن دەرس تەييارلىقى بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە بۇ يىغىننى ئۇقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا بىزگە دېدى: «سىلەرگە بىزنىڭ شەرتىمىز بار. چوقۇم سىلەر شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بارغان يەردىكى ئۆزلۈكلار كۆرگەن، ئاڭلىغان ياكى بىلگەن ھەرقانداق ئىشنى سىرىتقا، ھېچكىمگە دىمەيسىلەر. ئىنتايىن مەخپى تۇتىسىلەر. ھەتتا ئۆزلۈكلارنىڭ مەكتىۋىڭلاردىكى مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ، مۇدىرلارغا، ھەتتا خىزمەتداشلىرىڭلارغا، دوست بۇرادەر ھېچكىمگە دىيىشكە بولمايدۇ. ئىنتايىن مەخپى، تۇغقانلىرىڭلارغىمۇ

دېمەيسىلەر دەپ ئۇقتۇرغان ئىدى. مەن ھەيران قالدىم. قالغانلارنى ئۇقمۇدۇم. «ھەجەپ بىر ساۋاتسىزلارنى يىغىپ بېرىپ، نېمە ئۈچۈن مەخپىيەتلىكى شۇنداق قاتتىق يەرمىدۇ» دەپ ئۆزۈم ئويلىنىپ قالدىم. قەتئىي ئويلاشماپتىمەن كامپلارغا دەرس بېرىشىمنى، ھەتتا ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىش. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرسام بىر ۋاقىتتا ھەممىمىزنىڭ ئالدىمىزغا تۆت بەشتىن جەدۋەل تارقىتىپ بەردى. نورمالدا بىزنىڭ ئۇ جەدۋەلىرنى رەسمىگە تارتىش ئىختىيارلىقىمىز يوق. «ئۇ جەدۋەلىرگە قول قويساڭلا بولىدۇ» دېدى. ئۇ جەدۋەلىرگە قول قويدۇق، ئىسمىمىزنى يېزىپ سۇرۇق بىلەن بارمىقىمىزنى باستۇق. مەن ئىسىم يېزىش جەريانىدا بىر قۇرغا كۆز يۈگۈرتۈپ قارىسام، «ئەگەر شۇ بارغان يەردىكى كۆرگەنلەرنى باشقىلارغا ئاشكارلىسا، ئۆزىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىكى ئوقۇشقا قاتنىشىدۇ. پۈتۈن تۇغقانلىرى چېتىلىدۇ بۇ ئىشقا» دەيدىغان يەرلىرى بار ئىكەن بىر- ئىككى قۇر.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۇنىڭغا دەرھال قول قويساق: «ۋاقىت قىس بولغاچقا بۇ جەدۋەلىردىكى مەزمۇنلارنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ، قىلمايمىز. لېكىن شۇ بىز دېگەنگە ئوخشاش، چوقۇم مەخپىيەتلىكنى چىڭ تۇتىسىلەر، ھېچكىمگە دېمەيسىلەر» دەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ماڭا: «قەلبىنۇر مۇئەللىم، سىنىڭ قىزىڭ گوللاندىيەدىغۇ ھە!» دەپ شۇنداق دېدى. چۈنكى چەتئەلدە تۇغقانلىرى بارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارخىپلىرى بار دە ئۇ مائارىپ ئىدارىسى، پارتكوم ھەممە يەردە، مەكتەپنىڭ ئارخىپلىرىدا قاتمۇ-قات، قاتمۇ- قات بار. ھەتتا ئۆزىمىز تۇرىۋاتقان ئاھالىلار كومىتېتىغىمۇ نەچچە قېتىم كىرىپ قىزىمىز نەدە ئوقۇۋاتىدۇ، قايسى شەھەردە، قىزىمىزنىڭ پاسپورت نومۇرلىرى، كۆپەيتىلمە نۇسخىسى ھەممىسى بار ئۇلاردا. نەچچە قېتىملاپ ئېلىپ بولغان. شۇنىڭ بىلەن مەن، «ھەئە، قىزىم گوللاندىيەدە ئوقۇۋاتىدۇ، پۈتتۈرەي دېدى». دېسەم. «نېمە كەسىپتە ئوقۇدى؟» دېدى. «دوختۇرلۇق كەسىپدە ئوقۇۋاتىدۇ، دوختۇر بولماقچى قىزىم» دېسەم. ھە، دەپ «گوللاندىيە بىلەن بىزنىڭ جوڭگونىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن جۇمۇ، دوست دۆلەت، ئېلىپ كېلىپ بىرەلەيدۇ قىزىڭنى موشۇ يەرگە» دېدى ماڭا. ماڭا ئەسكەرتكىنىدە ئۇ. شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئىچىم بىر خىللا بولدى. «ھەجەپ بۇنى ماڭا ئەسكەرتىپ كەتتىيا» دېدىم كۆڭلۈمدە.

كېيىن قولىمىزغا بىردىن ساقچى شوپۇرنىڭ نومۇرى بار قەغەزنى بەردى ۋە سىلەر موشۇ نومۇرغا تېلېفون ئۇرۇسىلەر، تېلېفون ئۇرساڭلار شۇ ساقچى شوپۇر سىلەرنى ئاپىرىپ ئەكىلىدىغانغا مەسئۇل، دېدى. كېيىن مەكتەپكە قايتىپ بېرىپ خىزمەتلىرىمىزنى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىكەن. بىز يىغىندىن قايتىپ مەكتەپكە بېرىپ، خىزمەتلىرىمىزنى ئۆتكۈزگەن بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئاشۇلار بەلگۈلىگەن ساقچى شوپۇرغا تېلېفون قىلىپ، بىزنى بەلگۈلىگەن يەرگە باردۇق. مەن بىرىنچى قېتىم بارغان ئۇ يەر، ئەرلەر كامپىسى ئىكەن. ساڭفاڭگۇدىكى بەشىنچى كەنت دەپ قويىدىكەن، (ساڭفاڭگو دېۋۇسۈن، يەنى خەنزۇچە ئاتالغۇ بولۇپ«仓房沟第五村»، ساڭفاڭگو 5- كەنت دېگەن مەنىدە ) ئۇ كامپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى يوق ئىكەن. ئىسمىنى بىزگە ھېچكىم دېمىدى. ماشىنا بىلەن بىر تاغلىقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى مېنى. باشتا ئېلىپ بارغان ئۇ بىر ئەر خىتاي ساقچى ئىدى ئۇ شوپۇر. ئۇ يالغۇز ئىدى. نورماللا سالاملاشتۇق. «سەن قايسى مەكتەپتە؟» دېدى. «24» تە دېدىم. «بۇ يەرگە دەرسكىمۇ؟» دېدى. «ھەئە» دېدىم. شۇ يەرگە بارغۇچە شۇ گەپلەرنى دېيىشتۇق. كامپىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئۇ چۈشتى. بۇ تۆت قەۋەتلىك بىنا ئىكەن. توغرىسىغا سالغان تۆت قەۋەتلىك بىنا ئىكەن. مەن ئويلاپ قالدىم. بۇ يېڭى سالغان بىنادەك ئەمەس ئىكەن قارىسام. يېڭىدىلام جىڭۋۇزەندەن بىر نەرسە بار ئىكەن. ساقچىلارنىڭ ئۆيى بار يەر. كونا بىنادەك قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن قورۇ ئىكەن بۇ يەر. ئاشۇ قورۇدىكى تامنىڭ ئۈستىگە تىكەنلىك سىم ئورىۋېتىلگەن ئىكەن، شۇنداق مۇستەھكەمدەك. ئۇنىڭ ئىشىكلىرىمۇ ئېلېكتىرونلۇق. بۇ ساقچى ئۆزىنىڭ كارتىلىرى بىلەن، قەلەيدەك بىر نەرسە بار ئىكەن سۈركەيدىغان، ئاشۇنىڭ بىلەن ئېچىپ، مىنى باشلاپ ئېلىپ كىردى.

قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەك، قورۇنىڭ ئىچىدە ساقچىلار، ھەربىيلەر (ھەربىيلەر جىق ئىكەن دېدىم مەن) قۇراللىق چارلاشتا تۇرىۋېتىپتۇ. مەن قورۇ ئىچىگە كىرىپلا ئىچىم بىر خىل جىغىلدە بولدى ئۇلارغا قاراپ. چۈنكى نورمالدا بىز دائىم بۇلارنى كوچىلاردا جىق كۆرگەن بىلەن مەكتەپتە ۋە ئۇنداق يەرلەردە، قورۇنىڭ ئىچىدە كۆرسە باشقىچە بولىدىكەن ئادەم. شۇنداق قىلىپ قورۇغا كىردۇق. بىناغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۈچ قات ئىشىك ئىكەن. بىناغا كىرىدىغان ئاشۇنىڭ ئىچىمۇ. تېشىدا بىر قەۋەت سىم بار. سىم ئىشىك، ئۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر رىشاتكا، ئۇنىڭ ئىچى بىز <بىنانىڭ فاگدۇگمىن> دەپ قويىمىزغۇ، ئاشۇنداق ئىشىك. ئاشۇنداق ئۈچ قەۋەت ئىكەن شۇ بىنانىڭ ئىشىكىمۇ. ئۇ شۇ ئۈچ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىردۇق. كارىدورغا كىرسەم، ئىشىكتىن كىرگەن يەردىلا بىر ساقچى ئۈستەلنى قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كىرگەندىن كېيىن ئۇ شوپۇر «بۇ موشۇ يەرگە دەرسكە كەلگەن ئوقۇتقۇچى ئىكەن» دېدى. ھەئە دېسەم،

مېنىڭ ئىسمىم فامىلەمنى، كىملىك نومۇرىمنى، تېلېفون نومۇرىمنى يېزىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇنى يازدىم. يازغاندىن كېيىن شوپۇر مېنى بىر ئىشخانىغا باشلاپ قويدى. كارىدورغا كىرىپلا ئوڭ قول تەرەپ يەنە ئاشۇنداق تۆمۈر رىشاتكا، سىم بىلەن ئورۇلۇپ كىتىپتۇ. سول تەرەپ، ئىككىنچى قەۋەتلەر ئوچۇقلام ئىكەن. مەن مانداقلا قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىقىنىدىلام قارىسا ئۆستىدە جەڭگۇگۈشى دەپ يېزىغلىق ئىكەن. كامېرا ئۆيى ئوخشايدۇ. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆستەلدە بىر ساقچى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە ئاياقتا تۆت، ماياقتا تۆت قۇراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلار بار. بىنانىڭ ئىچىدىمۇ بار ئىكەن بۇ ھەربىي ساقچىلار. شۇنىڭ بىلەن مەن مىنى باشلاپ قويغان ئىشخانىغا كىرسەم ئۇ ئىشخانىدا بەش ئۇيغۇر قىزبالىلار بار ئىكەن. بۇ بەش ئۇيغۇر قىز بالا (مەن ئەتىسى، ئۆگۈنسى ئۇقۇمەن بۇ ئىشنى) بۇلار ئون قىز ئىكەن. بۇلارنى ھەر قايسى ئاھالە كومىتېتلىرىدىن موشۇ يەرگە ياردەمگە ئېلىپ كەلگەن قىزلار ئىكەن. بۇ قىزلار بەشتىن، بەشتىن ئالمىشىپ ئىشلەيدىكەن 24 سائەتتە. بۈگۈن بۇ بەش قىز 24 سائەت ئىشلىگەن بولسا ئەتىسى يەنە بەشى موشۇنداق ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان قىزلار ئىكەن. مەن ئۇ ئىشخانىغا كىرىشىمگىلا بىر قىز مېنى تونۇۋاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ماھىرە ئىكەن. بىزنىڭ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى لىڭگۇ ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئىشلەيدىغان قىز ئىكەن. كىرسەملا «ۋوي قەلبىنۇر مۇئەللىم، سىز 24تىغۇ ھە؟» دېدى. ھەئە، مېنى تونامسىز؟ دېسەم، ھەئە، مەن ئاشۇ ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئىشلەيمەن. قىزىم سىزنىڭ مەكتىپىڭىزدە ئوقۇيدۇ، دېدى. ھە، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، «بۇ يەرگە دەرسكە كەلدىڭىزمۇ؟ قانچىلىك كەلدىڭىز؟ دەپتى. ئالتە ئايلىق توختام بىلەن كەلدۇق موشۇ يەرگە دېدىم ۋە بۇ ساۋاتسىز ئادەملەر نىمە ئادەملەر؟ دېسەم «كىرگەندە كۆرىسىز» دەپ شۇنداق دېدى. باشقا گەپ قىلمىدى. چۈنكى قارىسام ئۇ ئىشخانىلارنىڭ ئىچىدىمۇ كۆزىتىش ئاپاراتلىرى بار ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: مۇئەللىم، تەييار بولدىڭىزمۇ؟ بىز ئېلىپ چىقايلىمۇ شۆيۈەنمېنلەرنى (شۆيۈەنمېن «学员们»، خەنزۇچە سۆز، يەنى ئۆگەنگۈچىلەر دېگەن مەنىدە) دېدى. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى شۆيۈەنمېن دەيدىكەن. ھە بولىدۇ. مەن تەييار دەپ، كىتاپ ماتېرىياللارنى ئېلىپ، قىزلارنىڭ باشلىشى بىلەن بايا مەن دېگەن ساقچى ئۆستەل قويغان يەرنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئالدى رىشاتكىلىق توساقنىڭ ئالدىغا كىلىپ مەن تۇردۇم. تۇرسام «بىز ماۋۇلارنى ئېلىپ چىقىپ بىرەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن سىز كىرىڭ» دەپ ئۇلار كىرىپ كەتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئىچىدىمۇ ئاشۇنداق قامىۋەتكەن ئۈچ ئىشىكنى ئاچتى ئاشۇ قىزبالا ئاچقۇچتا. بىرىنى ئېلېكتىرونلۇقتا ئاچتى. بىرىنى قۇلۇپتا ئاچتى يەنە بىر سىم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئىچىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ قىز كىرىپ «شاڭكېلا، شاڭكېلا (上课了)خەنزۇچە سۆز، يەنى دەرس باشلاندى دېگەن مەنىدە.» دەپ ۋارقىرىدى. ۋارقىراپ ھەر كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. زەنجىرلىك ئىشىكنى ئاچتى. ئۇلار چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار چىقىۋاتقاندا قارىسام، (مەن ھەر قېتىم گۇۋالىق بىرىپ، سۆزلەپ موشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن. چۈنكى نۇرغۇنلىرى دەپ كەتتى. سەن بۇنى بەك جىق دەپ كەتتىڭ، بىرەر ئىككى يۈز قېتىم دەپ كەتتىڭمىكى، ئەمدى ئۇنداق كۆز يېشىمۇ قىلماسسەن دەپ كەتتى. لېكىن كۆز يېشى قىلماي دېسىڭىزمۇ بۇ پاجىئەلەر بەك ئېچىنىشلىق بولغاچقا ئۆزۈمنى تۇتالمايدىكەنمەن. بايامۇ زىيارەتتە ئۆزۈمنى تۇتالماي كەتتىم. چۈنكى قارىسىڭىز) ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياشتا چوڭلار ئىكەن ساقال بىلەن. يىگىت تۇتۇپ كېلىنگەنلەر بولغاچقا تېخى ساقاللىرىنى چۈشۈرمىگەن ئىكەن. ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇلار قوللىرىدا ۋە پۇتلىرىدا زەنجىر كىشەنلەر بار چوڭ ئادەملەر ئىكەن. بۇ ئادەملەرنى نورمالدا بىز سىرىتلاردا، كوچىلاردا كۆرسەك (مەن ئادەتتە يەنئەنلۇدا ئولتۇرىمەن. مەسچىتلەر كۆپىراق) ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، سالام بىرىشتىنمۇ تەپ تارتىدىغان ئادەملەر دە بۇلار. مەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن. ئۇلارغا قاراپ تىترەپ كەتتىم. ئۇلار ماڭا شۇنداق قاراپ، خۇددى مەن ئۇلارنى قۇتقۇزغىلى كەلگەندەك، بىر ئىشەنچ بىلەن، بىچارە چىراي قولىدىكى زەنجىرگە قارايدۇ. ماڭا مانداق بىر قارايدۇ. قولىدىكى زەنجىرگە قارايدۇ «قارا، كۆردۈڭمۇ» دىگەندەك. شۇنداق يۈرىكىم ئېيچىشىپ كەتتى. تىترەپ كەتتىم ئاشۇ يەردە. ئۆزۈم نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي كەتتىم لېكىن. ساقچى ھەربىيلەر قۇراللىق بولغاندىكىن ئۆزۈمنى تۇتىۋالمىسام بولمايدۇ دە. «ئاللاھ، ماڭا بىر مەدەت بەرگەيسەن» دەپ ئىچىمدە تىلەپ كىتىۋاتىمەن. ھەر بىر كامېردا ئوندىن ئوندىن ئىكەن. ھەممىسى چىقتى. چىقىپ، ئەڭ ئىچىدىكى كامېردا يەتتە ئايال كىشى بار ئىكەن. ئۇلارمۇ چىقتى. ئۇلارمۇ ماڭا قارايدۇ. ئۈچى ياش قىزلار ئىكەن. تۆتى چوڭلار ئىكەن ئاپىمىز دىمەتلىك. شۇنىڭ بىلەن كىردى ئۇلار ئاتالمىش سىنىپنىڭ ئىچىگە. ئۇنىڭدىن كېيىن «كىرسىڭىز بولىدۇ مۇئەللىم» دەپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ئىدى، مەن كىردىم. كىرىپ ئوڭ تەرەپتە سىنىپ، سول تەرەپتە ئۇدۇلدا كامىر. مەن كىرىپ كىتىپ بېرىپ قارىدىم. قارىسام ئۇ كامېرنىڭ ئىچى، يەر سېمونتتا ياتىدىكەن. قاراڭغۇ ئىكەن. دەرىزىنى قەلەي بىلەن پېچەتلىۋەتكەن ئىكەن. كامېرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ. قارىسام ئون تال نېپىز، قارىسىلا كۆرگىلى بولىدىغان نېپىز ئەدىياللار قاتلاغلىق

تۇرۇپتۇ. «موشۇلار موشۇنداق سېمونتتا ياتىدىكەن دە!» دېدىم. يەنە يۈرىكىم جىغغىدە بولۇپ كەتتى. ئاندىن سىنىپقا كىردىم. كىرسەم سىنىپتا ئالدىدا بىر ئۈستەل بار. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستىلى ئىكەن. ھەركەتلىنىدىغان دوسكا بار ئىكەن، مىدىرلايدىغان. ئۇ سىنىپتا كىچىك ئورۇندۇقلار بار. ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار بىرەر پائالىيەتتە ئېلىپ كىلىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق. شۇ ئورۇندۇقلاردا قاتار ئولتۇرۇپتۇ. 97 ئادەم بار. كەينىدە يەنە ساقچى ھەربىيلەر قۇراللىق قۇغداپ تۇرىدىكەن. ئاۋۇ بەش قىز ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرەلمەي يەرگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىدۇ. ھەر سېمىز، ھەر يوغان ئادەملەر، شۇنداق سالاپەتلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ. مەن كىرىپلا، ھېچكىم ماڭا بىر نەرسە دېمىگەندىكىن ئۇقمايلا «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرگە قارىشىپ كۇسۇرلىشىپ كەتتى. ئاۋۇ قىزلارمۇ بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ كەتتى. مەن خاتا سالام قىلىپتىمەن دە دەپلام، «مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرگە دۆلەت تىلىدا دەرس ئۆتىمەن. مېنىڭ ئىسمىم قەلبىنۇر. مەن 24 نىڭ ئوقۇتقۇچىسى خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىدىغان. دەرسنى باشلاۋرەي ئەمىسە» دەپ، دەرسنى باشلاپ كەتتىم. يەنە بىر ئاز ئارتۇق گەپ قىلسام ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن دە ئۇ يەردە. كېيىن قارىسام سىنىپنىڭ سەككىز يېرىدە، ئىككىسى مېنىڭ ئۈستۈمدە كامېرا بار ئىكەن، كۆزىتىش كامېراسى. شۇلارنىمۇ كۆردىم. ئاندىن مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ دەرسنى باشلاۋەردىم. بۈگۈنكى ئۆتۈلىدىغان دەرسىمىز ئالدى بىلەن خەنزۇچىنىڭ پىنيىن قىسمى بىلەن باشلايلى دەپ دوسكىغا يېزىۋاتسام ئۇلار بۇرۇنلىرىنى تارتىپ، ئاۋۇ ئاياللارغۇ رەسمى ئىسەدەپ يىغلاۋاتىدۇ. قۇلۇقۇمغا كىرىپ تۇرىدۇ. كەينىمگە قاراشقا پەقەت پېتىنالمايمەن دە. كەينىمگە قارىساملا ئۆزۈممۇ ئېقىپ كېتىمەن. خەتنى يېزىۋاتىمەن، ئوقۇۋاتىمەن. ئالدى بىلەن بىرىنچى بولۇپ تاق يۈنمولارنى يازدىم. ئاندىن ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار دەپ كەينىمگە قارىمىدىم پەقەت، چۈنكى ئۇلار ئىسەدەپ كىتىۋاتقاندىكىن. كېيىن ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار دەپ شۇنداق بىر قارىسام ھېلىقى ياشانغان ئادەملەرنىڭ ساقاللىرىدىن ياشلار ئېقىپ چۈشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارىماي يا دېدىم. مېنىڭمۇ ئاۋازىم تىترەپ كىتىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ سېزىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تۆت سائەتلىك دەرسنى تۈگەتتىم، شۇنچىلىك تەستە، شۇنچىلىك ئۇزۇن بىلىندى بۇ تۆت سائەتلىك دەرس.

مەن شۇنداق ئويلايمەن. بىزگە ئالدىنقى مەۋسۇملاردىمۇ ئۆتكەن ئوچۇق دەرسلەردىمۇ نۇرغۇن باشلىق خىتايلار كېلىپ ئاڭلىغاندىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتكەن دەرس بولغاچقا شۇنچىلىك ئازادە ئۆتكەن، تەمتىرەش يوق. بەزىلەر قورقۇپ كەتتۇق دېيىشەتتى. مەندە ئۇنداق ئىش يوق پەقەتلا. ئويلاپ باقسام موشۇ تۆت سائەت دەرس مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ ۋەھىملىك بىر دەرس دەپ ئويلايمەن. بۇنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمايمەن بۇ تۆت سائەت دەرسىمنى. شۇنداق قىلىپ سائەت 12 بولغاندا ئاران توشقۇزۇپ، ئايرىلىپ يېنىپ چىقتىم دەپتەر كىتاپنى كۆتۈرۈپ. قورۇغا چىقىپ، قورۇدا كامېرالار بولمىغاچقا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ بارىمەن، ئاسمانغا قاراپ كېتىپ بارىمەن. «كۆرىۋاتقانسەن، نېمە ئىش بۇ» دەپ كەتتىم. قارىسىڭىزلا بىلەلەيسىز، ھەممىسى دىنىي زاتلار، ئۆلىمالار ئىكەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى.

چۈشتە سائەت 12دىن بىرگىچە بىر سائەت دەم ئېلىش ۋاقىت. ئۇلارغا تاماق تارقىتىمىز دېدى ھېلىقى قىزلار. مەنمۇ ياردەملىشەي دىسەم، ھە بولىدۇ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن داسلاردا ئېلىپ چىقىپ، ھەر بىر ئادەمگە خىتاينىڭ مومىسى بىلەن بىر كورۇشكا (ھەربىيلەرنىڭ كورۇشكىلىرى بارغۇ قەلەي، ئاشۇنىڭدا) شوۋا گۇرۇچ سۈيى دەپ قويىدىكەن. تۈزۈك گۈرۈچىنىڭمۇ تايىنى يوق سۇ لام. شۇنى ئېلىپ چىقىپ تارقاتتۇق ئۇلارغا. ئۇنى ئىشكتىن سۇنۇپ بېرىدىكەنمىز. مەن ئۇقمىغاندىكىن ئۇ چوڭ مويسىپىت ئادەملەر بولغاندىكىن دەپ بىر ئىككىدىن مومىنى ئارتۇق بېرىۋېتىپتىمەن ئۇلارغا، كېيىن مومىنى ساناپ، كام ئىكەن دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى بۇلار. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۇ ماھىرە دېگەن قىز بار ئىدى ئۇ، «بىز خاتا ساناپ ئېلىپ چىقىپتىمىز» دەپلا چىقىپ يەنە ئىككى موما ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قورۇغا چىقىپ، بىزنى تاماق يەڭلار دېگەن ئىدى. قورۇدا ئاشۇ قىز «قەلبىنۇر مۇئەللىم، سانى بار ھەر نەرسىنىڭ. دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ» دېدى. ھە ماقۇل دېدىم. «ئەتىدىن باشلاپ سىز تاماققا ياردەملىشىپ بەرمەڭ، تاس قالدىڭىز بىزنى بالاغا تىققىلى» دېدى. شۇنداق قورقۇپ كەتتىم.

چۈشتىن كېيىن دەرسىمىزنى تۈگىتىپ، كەتتىم. موشۇنداق داۋاملاشتى مېنىڭ بۇ دەرسىم. موشۇنداق داۋاملىشىپ ئون كۈن بولغاندا، 3- ئاينىڭ 10 كۈنى ئەتراپىدا كەلسەم ئۇلارنىڭ چاچ ساقاللىرىنىڭ ھەممىسنى چۈشۈرىۋېتىپتۇ. ئاياللارنىڭ چېچىنىمۇ كېسىۋېتىپتۇ، قارىسامچۇ. ئۇ چوڭ ئاياللار ئۇزۇن كۆينەكلەرنى كىيىپ، ئەرلەردىن خىجىل بولىدىغۇ ئۇلار.شۇڭا موشۇنداق كىرىپ، موشۇنداق چىقىپ كېتىتى ئۇلار، كۆينەك بولسىمۇ. ئون كۈندىن كېيىن قارىسام ئەرلەرنىڭ

ئىچىگە كىيىدىغان ئىچ كىيىم بارغۇ كۆلرەڭ، شۇنى تارقىتىپ بىرىپتۇ بىر تۇتاش. ئۈستىگە بىر جىلىتكە جۈزە رەڭلىك نۇمۇر بېسىپتۇ. ئۇلاردىن ئىسىم سوراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن كىرىپ دەرستە شۇنداق قارىسام ھېلىقى ئايالالار موشۇنداق، مانا موشۇنداق كىردى. چۈنكى ئۇ ئىچ كىيىم دىگەننى ئەرلەر ئۆيدە ئۇخلىغان ۋاقىتتا كىيىدىغان كىيىم بولغاندىكىن، ئايالالارغىمۇ شۇنى كەيدۈرۈپ قويغاندىكىن، چوڭ ئايالالار موشۇنداق كىرىپ، موشۇنداق ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئۇنىڭدىن كىيىن يەنە بىر ئون كۈن ئۆتۈپ ، 3- ئاينىڭ 20سى بولغاندىن باشلاپ 4- ئاينىڭ 1غىچە بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەن باللارنىڭ جىقلىغى، پۈتۈنلەي ياش باللار. شۇ يەردىكى گۇندىپار باشلىغى دەپ قويىمىزمۇ؟ شۇ بىر ئاكىمىز بار قادىركا، قادىركا دەپ. ئۇ ئادەم بىلەن تولا پاراڭلىشىپ بەك چىقىشىپ كەتكەن ئىدىم . شۇنىڭ بىلەن 3- ئاينىڭ 20 سىدىن كىيىن ئادەملەر جىقلاپ كەتكەندىكىن، مەن قورۇدا تۇرۇپ سورايمەن دە، كارىدوردا تۇرۇپ گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. «قادىركا، ھەجەپ بىر جىقلاپ كەتتىغۇ بۇ باللار؟ نەدىن كەلدى؟» دېسەم. قەلبىنۇر مۇئەللىم، مەندىن سورىماڭ، مەنمۇ ئۇقمايمەن. بۇلارنى بىر كېچىدە ئېلىپ كىلىپلا ئاپتوبۇستىن تۆكۈۋىتىدۇ» دەپ شۇنداق دېدى.

بۇ خىتايىنىڭ چاققانلىقى ۋە تىزلىكىگە دەڭ، مەن ئاباي دېگەندەك ئىككىنچى قەۋەتلەر ئوچۇق ئىدى دېدىمغۇ، پەلەمپەيلەر چۈشۈپ چىققىلى بولىدىغان. 3- ئاينىڭ 21- كۈنى ئىكەن شۇ، ئەتىگەندە كەلسەم ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان يەرنىمۇ رىشاتكىلاپ توسۇپ بولۇپ، پۈتۈن ئاشۇ ئىككىنچى، ئۈچۈنچى، تۆتىنچى قەۋەتلەرنىڭ ھەممە ئىشخانىسىنىمۇ كامىر، تۈرمە قىلىۋىتىپتۇ. ھەممىنىڭ دەرىزىلىرىگە رىشاتكىلارنى بىكىتىپ قىلىپ بوپتۇ كېچىچە ئاشۇلارنى. شۇنچىلىك ھەيران قالىسىز. مەن يەنە سوردۇم. 4- ئاينىڭ 1 گىچە ئېلىپ كەلدى بۇلارنى. 4- ئاينىڭ 1 بولغاندا ھېلىقى قادىركام دېگەن ئادەم «بۈگۈن قەلبىنۇر مۇئەللىم، ئەتىگەندە يىرىم كۈن ئۆگەتمەي قالىسىز، سىز ئەمدى موشۇ قىزلارغا ياردەملىشىپ ئىشخانىدا ئىش قىلىسىڭىز بولامىكى» دېگەن ئىدى. نېمە بولدى؟ دېسەم، بۈگۈن دەرس ئۆتۈلمەيدۇ. چۈنكى ئادەم بەك جىق بولۇپ كەتكەچكە، بىز دەرسنى تەڭشىمىسەك بولمايدۇ دېدى. مىنىڭ نۇرمالدا دەرسلىرىم كۈندە ئاشۇلار بىلەنلا بولىدۇ، بىرىنچى سائەتتىن، ئالتە يەتتىنچى سائەتكىچە مەن شۇلار بىلەنلا بولغاندىكىن، ئادەم جىقلاپ كەتكەندىكىن بۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەس بولىدۇ دەڭا. سىنىپ بىر بولغاندىكىن. ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇلار، بىز ئورۇنلاشتۇرۇپ بىرەيلى رەتلەپ دېدى. مەن ھە دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، بۈگۈن دۈشەنبە مەسىلەن ئالتە سائەت دەرس ئۆتكەن بولسام، بىرىنچى سائەتتە يۈز ئادەم، ئىككىنچى سائەتتە باشقا يۈز ئادەم، ئۈچۈنچى سائەتتىمۇ باشقا، ئەتىسىمۇ يەنە باشقا. ئادەم كۆپلىكىدىن سەككىز كۈندە ھەر بىر سائەتتە ئوخشىمايدىغان ئادەملەر. يەتتە سەككىز مىڭ بولۇپ كەتتىمىكى، كېيىن كەلگەنلەر ھەممىسى پۈتۈن ياش باللار. 18 ياش، ھەتتا 16 ياشلىق بىر بالا بار ئىكەن. ئۇ بالا مېنى (مومىنى ئېلىپ كەلگەندە ئىككىنچى قەۋەتنىڭ رىشاتكىسىدىن بىر بالا چۈشۈپتىكەنتۇق، ساقچىلار ياردەملىشىدۇغۇ) قەلبىنۇر مۇئەللىم! دەپ چاقىردى. تېخى ئەمدى 16 ياشقا كىرگەن بالا دەڭا، ئەمدى يېڭى مەكتەپ پۈتتۈرۈپتىكەن. ئۇ بالا يۈگۈرەشتە بەك يامان ئىدى، ئۇزۇنغا يۈگۈرەشتە. سايباغ رايۇنىنىڭ تەنتەربىيە مەكتىۋى دەپ 16- باشلانغۇچنىڭ ئىچىدە مەكتىۋى بار ئىدى. شۇ يەرگە تاللاپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى بۇ بالىنى. شۇ بالىنى ئېلىپ كەپتۇ. مەن چىداپ بولالماي ئاخىرى ماھىرە دېگەن قىزۋالىنى (بۇ قىزلار نېمە ئىش قىلىدۇ دېسىڭىز، بۇلار ئاشۇلارنىڭ ئارخىۋىنى يازىدۇ. كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي يازىدىكەن، نەدىن كەلگەن، نېمە سەۋەپتىن كەلگەن، نەگە كەتتى؟ چۈنكى يۆتكەپ تۇرىدىغان بولغاندىكىن، كىمنى نەگە ئېلىپ كەتتى، كىم نەدىن كەلدى؟ دىگەندەكلەرنى يازىدىكەن.)مەن ئاخىرى چىداپ بولالماي ئاشۇ ماھىرە دېگەن قىز بالىدىن «ئاشۇ بالا نېمە دەپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ؟ نېمە بوپتۇ؟» دېسەم «ئۇ بالىنىڭ تېلېپۇنىغا قانۇنسىز بىر ئەپ چۈشۈرۈپتىكەن » دېدى. ئاشۇ ئەپنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بەك جىق ئۇ ئىسىملار. ئۇ بالا، ئۇ قىز تاماق ئېلىپ كىرگەندە، «قەلبىنۇر مۇئەللىمغا دەپ قويسىڭىز بوپتىكەن ئاچا، سايباغ رايۇنلۇق مائارىپ ئىدارىسىدا مېنىڭ بىر ئاكام ئىشلەيدۇ، قەلبىنۇر مۇئەللىم ئۇقىدۇ، مېنىڭ موشۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى دەپ قويسۇن» دەپتۇ. بىزنىڭ ئۇنداق ئۇچۇرلارنى دىيىشىمىز مۇمكىنمۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچىم بىر خىل بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ كامپىتا تۇرىۋاتقىنىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ، تۇغقانلىرىمۇ. مەسىلەن، ئەر خەقنى ئېلىپ كەلگەن بولسا ئايال باللىرى ئۇقمايدۇ، سۈرۈشتە قىلىپ ساقچىخانىغا بارسا «ئەتە يەنە كەلسەڭ ئۇلارنى سوراپ، سەنمۇ ياتىسەن ئاشۇ كامپىتا، سەنمۇ كىرىسەن» دىگەندىكىن، سورىيالمايدۇ. تۇغقانلىرى ئۆلدىمۇ، ھاياتمۇ؟ نەدە تۇرىۋاتىدۇ؟ ھېچكىم بىلمەيدۇ ئۇنى.

شۇنداق قىلىپ قادىركام مىنى بۈگۈن دەرس ئۆتمەيسىز دېگەندىكىن ئۇ 4- ئاينىڭ 1- كۈنى دەرس ئۆتمىدىم. تۆت سائەت ئاشۇ قىزلار بىلەن كىردۇق، چىقتۇق. ئاخىرى چۈشتىن كىيىن بولغاندا دەرسىمىزنى باشلاپ كەتتۇق. مەن دېدىم قادىركامغا

ئاشۇ قورۇدىن چىققان ۋاقتتا، «قادىركا مەن ئاشۇ كۆزنەتش ئۆيىنى بىر كۆرۈپ باققان بولسام بوپتىكەن، جەنكۇگشىسنى» دېسەم، سىز بەك ھەممىگە قىزىقىدىغان قىزبالا ئىكەنسىزغۇ؟ بولمايدۇ جۇمۇ» دېگەن ئىدى. «مەن بېكەتلەردە كۆرگەن، ماناداق يەرلەرنىڭكىنى كۆرۈپ باقمىغان، نېمە بولىدۇ كىرىپ كۆرسەم؟» دېسەم، ھە، يۈرۈڭ مەن ئەكىرەي دەپ، چۈشتە ئېلىپ كىردى. چۈشتە تاماق يېگىلى چىقىپ كېتىپتىكەن ساقچى، بىرلا ئۆيغۇر بالا بار ئىكەنتۇق. «ھە، مانا كۆرىڭا» دېگەن ئىدى. قارىسام ئۆچ تامدا، ئايرىم-ئايرىم ئۆچ تامدا يوغان تېلېۋۇزۇردا ھەر بىر ئۆيدىكى ھەممە شۇنداق ئېنىق كۆرۈنىدىكەن. ئۇلار موشۇنداق تەكشى ئولتۇرىدىكەن. ھەر بىر ئۆيدە 30 دىن، 40 تىن، بەزى ئۆيدە 50دىن بولۇپ كېتىپتۇ. مىدىرلىماي موشۇنداق تۇرىدىكەن، مىدىر-سىدىر قىلمايدىكەن. ماناداق قاراپ گەپ قىلىپ قالسا چىراق يانىدىكەن ئاشۇ ئۆينىڭ چىرىقى، چىراق يانغاندىن كېيىن ماندالا باسسىڭىز يېقىن كېلىپ، يوغان كۆرۈنىدىكەن. ماڭا ھەممىنى كۆرسەتتى، مانا موشۇنداق بولىدۇ دەپ. «بۇلار كەچتە قانداق ئۇخلايدۇ» دېسەم، ئۆچ سائەتتىن نۆۋەتلىشىپ دەم ئالىدۇ دېدى. ئۇخلاش يوق ئىكەن شۇنىڭغا قارىغاندا. ھە، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن قورۇغا چىققاندا يەنە، «قادىركا مەن ئۆرۈمچىدە شۇنچە يىل ياشاپتىمەن. ئىشەنسىڭىز موشۇ باللارنى، موشۇ يەردىكى نەچچە مىڭ باللارنىڭ كوچىدا بىرەرسىنىمۇ ئۇچرىتىپ باقماپتىكەنمەن. بۇ باللار نەدىن كەلدى؟ » دېسەم، قادىركامۇ، «ۋاي قەلبىنۇر مۇئەللىم، مەنمۇ بۇلارنى زاۋۇتتا قۇيۇپ ئېلىپ كەلدىمكى دەپ ئويلاپ قالدىم. بىر بىرىدىن چىرايلىق ئۇ باللار، تاللاپ ئېلىپ كەلگەندەكلا باللار. مەنمۇ ھەيرانلا قالدىم. خۇددى زاۋۇتتا قۇيۇپ ئېلىپ كەلگەندەكلا» دەپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە جىقلاپ كەتتى بۇلا. بۇ يەردىكىلەر مۇنچىغا كىرمەيدۇ. مۇنچا يوق. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئەرلەر كامپىسىدا ھەر بىر قەۋەتتە بىرلا ئوپچە ئوبىرنى بار. تازلىق ئۆيى كۈندە ئۆچ ۋاقت. ئاشۇ يەردىكى قىزلاردىن سورايمەنغۇ، ئاۋۇ قانداق، ماۋۇ قانداق، تامىقىغا نېمە ئىچىدۇ دەپ. يۈزىنى يۇيىدىغانغا بىر مىنۇتلا ۋاقتى بار ئىكەن نۆۋەتلىشىپ، قول ۋە يۈزىنى يۇيىدىكەن. ئوبىرنىغا كىرىدىغاندىمۇ بىر كۈندە ئۆچ ۋاقتلا كىرىدىكەن. ئۇمۇ بىر مىنۇتتىن ئىكەن. قەغەز بەرمەيدىكەن ئۇلارغا. «قەغەز بەرمىسە ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟» دېسەم. تاڭ، ئۇقمايمىز، ئىش قىلىپ قەغەز يەتمەيدۇ، دېدى. نېمە دەيسىز ئەمدى بۇنداق گەپلەرگە؟

شۇنداق قىلىپ 4- ئاينىڭ 20 سىمۇ ئىش قىلىپ 5 – ئاي بولغان ۋاقىتلارمىكى، چۈشلۈك ۋاقتىدا قارىسام، قورۇمۇ بەك يوغان بولغاندىكىن، قورۇدا بۇ ھەربىي ۋە ساقچىلار بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئىككى يوغان داس بار ئىكەن. ئۇ ئىككى يوغان داسقا قايناق سۇ قۇيۇپتۇ. قارىسام قايناق سۇغا موشۇ يەردىكى «ئوقۇغۇچىلار»نىڭ كىيىملىرىنى ئاشۇ قايناق سۇغا بېسىۋېتىپتۇ. بۇلار كۆلىشىۋاتىدۇ. مەن بىنادىن، كارىدوردىن چىقىپلا ماندالا قارىدىم، قاراپ بۇلار نېمىگە كۆلىۋاتقاندۇ؟ توپلىشىپ تۇرىۋېلىپ دەپ، يېنىغا بارغان ئىدىم. بارسام ھېلقى ساقچىلار، ۋوي، قاراڭ، قاراڭ، كۆردىڭىزمۇ؟ دېيىشتى. بۇ يەردىكىلەر مۇنچىغا كىرمىگەندىكىن، ئادەم جىق بولغاندىكىن بۇلارنىڭ بەدەنلىرى پىتلاپ كىتىپتۇ. بۇلار ئۇ كىيىملەرنى قايناق سۇغا بېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇلار قايناق سۇغا بېسىپ، ۋوي قارا! بۇلار ئاجايىپ ئىكەن ئۇيغۇردېگەن، شۇنچە قىينىساڭ، ئاچ قويساڭ، سوغۇقتا قويساڭمۇ ئۆلمەيدۇ. ماۋۇ پىتلىرىمۇ ئۆلمەي قېچىۋاتىدۇ قارا! دېيىشىپ، زاڭلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. مەن يەنە ئاسمانغا قاراپ دەپ كېتىۋاتىمەن. ئەي خۇدا، كۆرىۋاتقانسەن موشۇ كۈنلەرنى، كۆرىۋاتقانسەن موشۇ ئىشلارنى دەپ. ھەربىيلەرمۇ كۈلۈپ كىتىۋاتىدۇ، ۋوي قارا، قارا دەپ.

بۇلارنىڭ ئىچىۋاتقان سۈيىدىن شۇنچىلىك گۇمانلىنىمەن. چۈنكى سىز تۇڭگان ئاشخانىلىرىغا كىرسىڭىز كۆرگەنسىز ماندا، بوۋىنتۇڭ دەپ قويىمىز. يوغان يوغان تۇڭلارغا چاي ئېلىپ قويىدىغۇ تۇڭگانلار، ئىچسىڭىز يىلىمان، قويۇپ قويىدۇ قايناق سۇنى دەملەپ. ئاشۇ تۇڭدىن چۈگۈنلەردە ئاشۇلارغا ئېلىپ چىقىپ سۇ قۇيۇپ بىرىدۇ. مەن دائىم كۆرىمەن ئاشۇنىڭغا قۇيغىنىنى. بىر كۈنى تاماقتا، ئىستاكانىمغا چاي قۇياي دەپ بېرىپ، ئاشۇنىڭدىن سۇ ئېلىۋاتسام، قايناق سۇ ئۇ. ئۇ ئاشخانىدا ئۆچ تۇڭگان ئىشلەيدۇ، ئىككى ئايال، بىر ئەر تۇڭگان. ئەر تۇڭگان باش ئاشپەز. بىر ئايال ئىچىدىن يۈگرەپ چىقتى. «ھەي لاۋشى، بۇنىڭ خى، بۇنىڭ خى» دەپ ۋاقىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن چۆچۈپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن. «سەن نېمە دەۋاتىسەن، مەن ئىچسەم نېمىشقا بولمايدۇ؟» دېدىم. بۇلار ئىچىدىغۇ، بۇ ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار؟ دېسەم، «ياق، سەن ئىچسەڭ بولمايدۇ ئۇنى» دېدى. مەن ھە، دەپ قويۇپ، ئۇنداق بولسا مەن نېمە ئىچىمەن؟ دېسەم، ما بىز ئىچىمىزدە قايناتقان ئايرىم سۇ بار، شۇنى ئىچسەن دەپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ چىقىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چايقاپ تۆكۈۋىتىپ، ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن چەينىكىدىن قۇيۇپ قايناق سۇنى، ئاشخانىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچەي دىسەم، ئاشخانىدىكى ئۇ ئەر ئاشپەز كۆرمىگەن ئوخشايدۇ ماڭا ئېلىپ چىقىپ بەرگىنىنى. ئۇ ماڭا قاراپ ۋارقىراپ

كەتتى. «ھوي مۇئەللىم، سەن قايسى سۇنى ئىچىۋاتىسەن» دەپ. شۇنىڭ بىلەن يېنىغا كەلدىم. يېنىغا كېلىپ: «سەنمۇ چۆچۈپ كەتتىڭ، بۇنى ماڭا ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن ئىدى. ئىچىدىكى قايناق سۇنى ئىچتىم. بۇ قايناق سۇدا نېمە بار؟ بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەرسە بارما؟ دورا بارما؟» دېسەم، «ۋوي، سەن چاقچاق قىلىۋاتامسەن مۇئەللىم، بەزىدە قايىنماي قالسا قوسىقىڭ ئاغرىپ قالمىسۇن دېدۇق. سەن دېگەن دەرس ئۆتىۋاتقان تۇرساڭ» دېدى. رەھمەت جۇمۇ، كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە دېدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ شۇنداق گۇمان قىلدىم. مەن ئالتە ئاي تۇرۇپتىمەن ئاشۇ ئەرلەر كامپىسىدا، ئالتە ئاي تۇرۇش جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ ھېلىقى بوۋىنتوكنى چايقاپ، تۆكۈپ قىلىپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. كېيىن ھېلىقى ماھىرە دېگەن قىزدىن سورىدۇم قورۇدا. ماھىرە ئۇكام، ئاشۇ قايناق سۇغا بۇلار دورا سالامدىغاندۇ؟ دېسەم، ۋاي قەلبىنۇر مۇئەللىم، بىز ئۇقمايمىز ئۇنى دېگەن ئىدى. مەن بىر ئەمەس ئىككى قېتىم بولدى، ئىككىلى ئاشپەز شۇنداق ئەنسىرەپ كەتتى مەندىن، ھەتتا چۆچۈپ كەتتى ھېلىقى ئايال، ئىچمە جۇمۇ، ئىچسەڭ بولمايدۇ، دەپ كەتتى. ئۇنىڭدا دورا بولمىسا موشۇنداق قىلامدۇ؟ دېسەم. بىز ئۇقمايمىز جۇمۇ ئۇنى دېدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەردىكى ئەرلەرگە يەنە ئىككى سېپىستىرا خىتاي بار بۇ يەردە بۇ سېپىستىرا خىتاي، ھەر دۈشەنبە كۈنى ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈلمەيدۇ. چۈنكى بۇ دۈشەنبە كۈنىدىكى بۇ ئىككى سائەتتە بۇلار ئاشۇلاردىن قان ئالىدۇ. يەنە بىرى ئوكۇل ئۇرىدۇ. ئانىڭدىن كېيىن بىرتالدىن تابلېتكا دورا بىرىدۇ. ئاق، ئۇششاق تابلېتكا دورا. بۇ ئاق، ئۇششاق دورىنى مەن كۆردۈم كۆزۈم بىلەن، (ئۇششاق ئۇيقۇ دورىسى بارغۇ بەك ئۇششاق شۇنىڭدەك) شۇنى بېرىدىكەن بۇلارغا. بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، نەچچە قېتىملاپ سورىمىدىم. كېيىن بىر كۈنى ئىككى سېپىستىرا قىزبالىنىڭ بىرسىنىڭ چىرايى بىر ئاز ئوچۇقراق، بىر ئاز گەپ قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىرىنىڭ قاپىغى بەك يامان، قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن ماۋۇنىڭغا پات-پات جاپا چەكتىڭ، دەپ قويىمەن. ئۇمۇ جاپا چەكتىڭ دەيدۇ ماڭا. ئاشۇنىڭدىن سورىدىم مەن بىر دۈشەنبە كۈنى مەن دەرسىمگە ماڭغاچ، «ھەي جاپا چەكتىڭ، مەن سوراپ باقايچۇ، بۇلارغا نېمە ئوكۇل ئۇرىسىلەر» دېدىم. دېسەم «قارا، سەن بۇلارنى ئۇقسەن، بۇلار تېشىغا چىقىپ كۆپ كۆرمىگەندىكىن، ھۆكۈمەت بۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كالتىسى تولۇقلايدىغان ئوكۇلنى بىرىدۇ، دورىمۇ كالتىسى تولۇقلايدۇ» دېدى. مەن شۇنداق ھەيران قالدىم. ھۆكۈمەت بۇلارنى ئەكىلىپ سولاپ، نەدە ئۇلارغا كالتىسى تولۇقلايدىغان شۇنچىۋالا جىق نېمىنى بىرىدۇ دەپ، ھە دېدىم. ئۇ چوقۇم بىر مەخسەت بىلەن قىلىۋاتقان ئوكۇل دورىلار دەڭا. بايا مەن دېگەندەك، بۇ يەرگە ئادەملەر باشتا كەلگەندەك مويسىپىت ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، قامەتلىك ئادەملەر ئورۇقلاپ، خۇددى بىر نەچچە كۈن كۆرمىسەك چىرايىمىز تامدەك بولۇپ كېتىدىغۇ تاتىرىپ، ئاشۇنداق بولۇپ كەتتى. ئورۇقلاپ، شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتتى دە بۇلار. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنىڭ كىرىپ چىقىشىمۇ شۇنچىلىك قىيىنلاشتى. شۇنچىلىك تەستە باسىدۇ قەدەملىرىنى، شۇنچىلىك تەستە ماڭىدۇ، قوپىدۇ. سىمونىتتا بىزمۇ ئىككى كۈن ياتساق قانداق بولۇپ كېتىدۇ بەدەنلىرىمىز كۆتۈرەلمەي. ئاشۇنداق بولۇپ تۆگۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ ئۇلار. ئېغىرلاپ كەتكەنلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ، يەنە ئېلىپ كېلىدۇ. يۆتكىلىپ تۇرىدۇ بۇلار، ئالمىشىپ تۇرىدۇ ھەرخىل شەكىلدە.

بۇ يەردىمۇ مەن بىر ئىككى قېتىم دەرىسكە شۇنداق قىزىقىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. شۇ قىزلاردىن سورىغان ئىدىم. ئاشۇ بىر ئاكىمىز بەكلا ئاكتىپ ئىدى. مەن شۇنداق ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەخسىدى نېمە دېسىڭىز. بىز موشۇ خىتاي تىلىنى راۋرۇس بىلسەك (كېيىن ئۇلارغا دۆلەت ناخشىلىرىنى ئۆگەتتى، خۇڭگې دەپ قويىدىغۇ، قىزىل ناخشا ئۆگەتتۇق. تېكىستنى يازىمىز بىر كوپىلىت، بىر كوپىلىت. يادىلايدۇ بۇلار) بىز تېزىراق يادىلىساق، چاققانراق دەرس تۈگىسە بىزنى موشۇ يەردىن قويۇپ بىرىدۇ دەيدىغان ئىدىيەدە ئۇلار. شۇڭا بۇ دەرىسكە شۇنداق قىزغىن. مەسىلەن، مەن بۈگۈن بىر تېكىست ئۆتۈپ بىر شېئىر ئۆگەتكەن بولسام، ئەتىسى يادىلاپ بولىدۇ ئۇنى ئۇلار. يادىلايدۇ. مەن ئۇ ئاكىمىزنى قىزلاردىن سورىدۇم ئاخىرى. «ئۇ ئاكىمىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ دېسەم، «ئوسمان» دېدى. ئۇ ئاكىمىزمۇ ناھايىتى سىپمىز، بەك بەستىلىك، قارىسىڭىز باي ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. «باي بۇ ئادەم ھە، سىپمىز، قاملاشقان ئاكىمىز ئىكەن» دېسەم « ۋاي ئۇ ئاكىمىزنىڭ قەلبىنۇر، جىنلۇڭ دەپ شىسەن تەرەپكە توغرا كېلىدىغان «جىنلۇڭ» دەپ، ئالتۇندىكى جىڭ، ھەجىدىر ھادىكى لوڭ، مېۋە چېۋە سەي كۆكتات پىپاسى بار ئىكەن. پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ رېستورانلىرى، چوڭ-كىچىك ئاشخانىلىرىغا توپ، پارچە تارقىتىدىغان ناھايىتى چوڭ باي ئىكەن. بۇ ئاكىمىزنىڭ كۈنىگە مىليونلاپ سودىسى بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ئادەم باي بولغانلىقى ئۈچۈن ئەكىرىپ قويۇپتۇ. پۇلنى كۆپ تېپىپ كەتكەن بولغاچقا كىرىپ قاپتۇ. مەن كېيىن كەلگەنلەر دېگىنىم: كېيىن كەلگەنلەر پۈتۈن كارخانىچىلار، كارخانىچىلار دېگەن ئاشۇنداق چوڭ رېستوران ئاچقان، ئاشۇنداق چوڭ توپ پارچە تارقىتىش دۇكانلىرى بارلار. ئاشۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرى ھەتتا موزدوزخانىسى، ناۋايخانىسى، كونسۇل كوچىسىدىكى «دىلبەر ئۆپكە ھېسىپخانىسى» دەپ داڭلىق بىر يەر بار ئىدى. شۇ يەردىكى شۇ دىلبەر دېگەن ئاچىمىز (ئۆپكە ھېسىپى، پاچىقى داڭلىق دەپ نۇرغۇن، خېلى خېلى يەردىن كېلىپ يەيتى) شۇ ئايالنىڭ

خىزمەتچىلىرىدىن تارتىپ ئەكىرىپ كەتكەن تۇرسا. ئەڭ چوڭى چوڭ كارخانىچى، باي، زىيالى، ئەرتىس، يازغۇچى، شائىر، قانداقلا بولسا ئىش قىلىپ ئۇتۇق قازانغان بولسىلا، دۇكان ئاچقىدەك مادارى بولسىلا، دۇكان ئاچماي تېشىدا موزدوزلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئىش قىلىپ مىدىرلىغىدەك، ھەركەت قىلغۇدەك تىرىشچان بولسىلا ھەممە ئادەمنى ئەكىرىۋالغان گەپ كامپىغا.

مەن ئاشۇ ئوسمان ئاكىمىزنى سوراپ بىلىۋالدىم. بەك قىزغىن ئۇ ئادەم، ۋاي لاۋشى، لاۋشى دەپلا تۇرىدۇ. جۈملە تۈزەلمىگەن بولسىمۇ دەپ باقىدۇ. كېيىن 5- ئاينىڭ ئاخىرىمۇ ئىش قىلىپ، بالىلار بايرىمى بولاي دېگەن ۋاقىتلاردا بۇ ئاكىمىز يوقاپ كەتتى. ئۆلتۈرسىمۇ يوغان ئادەملەر ئايرىم بىلىنىدىغۇ، نەچچە يۈز ئادەم بولسىمۇ ئۇقالايسىز. ئاشۇ قىزدىن مەن يەنە سورىدۇم. ئاشۇ ئوسمان ئاكىمىز يوقاپ كەتتىغۇ دەپ. قان بېسىمى، دىئابىت كېسىلى بولۇپ قاپتىكەن. بىر كېچىدە قوزغىلىپ قېلىپ، دوختۇرخانىغا يۆتكەش جەريانىدا يولدا ئۆلۈپ قاپتۇ ماشىنىدا. بۇ ئاكىمىزنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

يەنە بىر بالا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ بالىمۇ شۇنداق تىرىشچان ، بەك تىرىشچان بالا ئىدى. ئۇ بالىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بىر ئاشخانىسى بار ئىكەنتۇق. بۇ ئاشخانىسى داۋەندىمۇ ئىش قىلىپ، شۇنداق ئىكەن. ئۇ بالىمۇ يوقاپ كەتتى. قانداق دېسىڭىز، سىنىپلاردىكى ئەلاچى بالىلارنى ئاسان تۇتىۋالمىزغۇ ئېسىمىزدە، بەك تىرىشچان مۇئەللىم، مۇئەللىم دەپ تۇرىدىغان بالىلارنىڭ چىرايى، ئىسمى ئېسىمىزدە قالىدۇ. ئاشۇ بالىمۇ بەك تىرىشچان بولغاچقا ئالدى رەتتە ئولتۇراتتى. ئۇ بالىمۇ كېيىن يوق. كېيىن ئۇ بالىنىمۇ سورىدىم ماھىرەدىن. «ۋاي قەلبىنۇر مۇئەللىم، ئۇ بالا نىياۋدىياۋجىڭ دەپ قويىمىزمۇ، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش دەپ. سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىپ، ئاغىرىپ كېتىپ بۇلارغا دەپتىكەن دورا دەپ، دورا بەرمەيدىغۇ بۇلارغا داۋالايدىغانغا، نەدىكەن. شۇنىڭ بىلەن شۇنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەيدۇ. مەن ھازىرغىچە سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغۇچە ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ ئىككىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم. ھەم قىزلاردىن ئاڭلىغىنىم. مانا موشۇنداق ئېچىنىشلىق بۇ ئەرلەر بار يەردىكى، بۇ ئەرلەر كامپىسىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر قانچە سائەت سۆزلەپ قىلىسىڭىزمۇ تۈگىمەيدىغان موشۇنداق ئېچىنىشلىق، موشۇنداق پاجىئەلەر. بۇ يەرنىڭكى ئەڭ چوڭ باشلىغى ئەدلىيەنىڭكى، سىفاجۈ دەپ قويىدىكەن، چىڭجۈ ئىكەن. جىڭ ئىدارە باشلىغى دەيدۇ. ئىسمى نېمە بىلمەيمەن. چىڭجۈ، چىڭجۈ دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرسى ئەيجۈ، ئەيجۈ دەپ قويىدۇ. ئۇ بالا ئەخمەت ئىكەن. بۇمۇ شۇ ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىغى ئىكەن. شۇ ئىككىسى مەسئۇل.

مەن شۇنداق دەرس ئۆتۈش جەريانىدا شۇنداق پاجىئەلەر بولۇپ كەتتى. نۇرغۇنلار يۆتكەلدى، نۇرغۇنلار كەلدى، نۇرغۇنلار ئۆلدى، كېسەل بوپ كەتتى. بۇ جەريانلاردىمۇ، بىز دەرس ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتلاردا بولسۇن، چۈشلۈك ۋاقىتلاردا بولسۇن بۇلارنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. نۇمۇرلىرىنى چاقىرىپلا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ دەرس ۋاقتىدا چېكىپلا، «پالانى پالانى نۇمۇر چىق» دەيدۇ. بۇلار چىقىپ كېتىپ بېرىم سائەت، بىرەر سائەت بولمايلا، بىرىنچى قەۋەتنىڭ يەر ئاستىدىلا سوراقخانا بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. شۇنچىلىك چىقىراپ، پۈتۈن بەدىنىڭىز جۇغۇلداپ كېتىدۇ. ھەممىسى موشۇنداق، موشۇنداق قىلىپ كېتىدۇ. ئۇقۇدۇ دە، قىيناۋاتقىنىنى بىلىدۇ. كېچىدىمۇ شۇنداق ئىكەن، كۈندۈزدىمۇ شۇنداق ئىكەن. چۈشلىرىمۇ ئاڭلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈن بىنانى بېشىغا كىيىدۇ. شۇ دەرىجىدە ۋەھشى. بەك قىينىۋەتكەنلەر دەرسكە چىقالمايدىكەن. كامېرلاردا ئايلاپ ئايلاپ يېتىپ، پۇت قوللىرى ئېغىر يارىلىنىپ، مەجرۇھ بولغانلارنى دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بارسا، داۋالىغىلى بولمىغانلارنىڭكى پۇت قولىنى كېسىۋېتىدىغان.

نۇرغۇنلارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەي، بىز ئۇيغۇر بالىلارنى بىلىسىز، قېنى بەك قىزىق، ئىدىيەسىدىن بىر ئىشلار ئاسان ئۆتمەيدۇ. كېچە كۈندۈز ئۇ يەردە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، ئۇ يەردە سوراق قىلىپ، ھېچقانداق جىنايەت، گۇناھى يوق . چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن نۇرغۇن بالىلار بار ئىكەن، ئاتا ئانىلىرى «كەلمە بالام ، كەلمە» دىسە، چۈشەنمەي، «بىز دېگەن ئوقۇغىلى بارغان تۇرساق، بىزنى نېمە قىلالايتى» دەپ كېلىپ، ئاتا ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپلا، ئۇدۇل ئاشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن بالىلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيدۇ دەڭا. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن كاللىسىدىن كېتىپ قالغانلار جىق ئىكەن. كېيىن ھۆكۈمەت يالغان ئېيتىپ «نۇرغۇنلارنى قويىۋەتتۇق، نۇرغۇنلار يۇرت يۇرتلاردا يۈردى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان بولىشىڭلار مۇمكىن. سىرتلاردا بىر تۈركۈم ئاشۇنداق مەجرۇھلار جىقىيىپ كەتتى. ساراڭلار جىقلاپ كەتتى كوچىلاردا. ئۇلار شۇنداق ئورۇق. ھەر قانداق ئادەم كوچىدا كۆرسىلا ، ماۋۇ ئادەم كامپىدىن چىققان ئىكەن دە دەيدۇ. شۇ دەرىجىدە. ئۇنىڭدىن كىيىن بەزىلىرى شۇنداق ئېغىر ئاغرىپ، ئامال يوقلىرىنى ئاتا ئانىلىرىغا

تاپشۇرۇپ بەرسە، شۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چىققىنىغا خوش بولماي، يەنە شۇ كامپىغا كېتىشنى خالايدىغانلار بار ئىكەن. بىزنىڭ قورۇدا ئۇيغۇرلار جىق بولغاندىكىن، ئوغلىنى، ئېرىنى ئەپچىقىپ بەرگەنلەر مېنى ئاشۇ يەرگە ئاپىرىۋەت، ئاشۇ يەرگە ئاپىرىۋەت دەيدىكەن. «نېمىشقا شۇ يەرگە ئاپىرىۋەت دەيسەن» دېسە، چۈنكى ئۇ يەردە ئۇلارغا بەرگەن تاماقلىرىدا، سۇلىرىدا، ئۇرغان ئوكۇللىرىدا، ھەممىسىدە خۇمار قىلىدىغان نەرسە بار ئىكەن. بىلىنىپ تۇرىدۇ ئىنقىلام. ئۇ يەردىكى ئادەملەر كىيىنچە قارىسىڭىز خامۇشتەكلا بولۇپ قالىدۇ. قىزغىنلىقى يوقاپ بارا بارا «مۇئەللىم قاچان تۆگەيدۇ دەرس، كىتاپ تۆگەمدۇ، قاچان تۆگەيدۇ؟» دەيدۇ. «قاچان تۆگەيدۇ دەرس» دېگىنى شۇ، قاچان قويىۋېتىدۇ بىزنى دېگىنى. شۇنى دېيەلمەي «دەرس قاچان تۆگەيدۇ مۇئەللىم، ئاز قالدىمۇ مۇئەللىم» دەيدۇ. بىر كىتاب تۆگىسە خوش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ كىتاپنى ئەتىسى دەرس تەكرار قىلىپ بىرەي دېسىڭىز «ۋاي مۇئەللىم، بۆگۈن يېڭى دەرس باشلىڭا» دەيدۇ. ساقچىلار ۋارقىراپ كېتىدۇ «سەن ئارلاشما، گەپ قىلما» دەپ. موشۇنداق ئۆتتى بۇ كۈنلەر ئاشۇ يەردە.

شۇنداق قىلىپ كىيىن قارىسىڭىز بۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن باشتا تۆت ئايغىچە، بەش ئايغىچە شۇنداق ئۈمىدۋار ياشىغان ئىدى. كۆزىتىمىزغۇ ئۇلارنى. كىيىن بۇلار پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن، ھەممە نېمىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. بۇلار خۇددى ھېچنىمە خىيالىدا يوقتەك، خوتۇن باللىرى خىيالىدا يوقتەك، تىجارەتلىرى خىيالىدا يوقتەك، ئاشۇنداق بىر خامۇشتەك بولۇپ قالدى. ئاشۇنداق ھېس قىلىپ قالىدىكەنسىز، دەرس ئۆتسىڭىز ھەئە دەپ تۇرغان، سىنىپقا كىرگەندە بوگو دەپ تۇرغان، چىقسىڭىز بوگو دەپ تۇرغان. ئاشۇنداق بولۇپ كەتتى بۇلارنىڭ مېڭىسى يۇيۇلۇپ، بەرگەن دورىلارنىڭ تەسىرىدە، ئوكۇلنىڭ تەسىرىدە موشۇنداق ئۆزگۆرۈپ كەتتى بۇ باللار. بارغانسىرى ئىچىڭىز ئېچىشىپ، بۇ گەپنى بىرسىگە دېيەلمىسىڭىز قانداق ئازاپلىنىپ كېتىسىز، ئۆزىڭىز ھىس قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ. مەن ئۆيدە يا تۇغقانلىرىمغا دېيەلمەيمەن، دوست بۇرادەرلەرگە يا دېيەلمەيمەن. تېلېپۇندا سۆزلىشەلمەيمىز. ئەتىگەندە تېلېپۇننى ئېلىۋالسا كەچتە ئاچىمىز. ئۆيگە كېلىپ يولدىشىمغا دەيمەن. ئولتۇرۇپ دېگىچە ئېقىپ كېتىمەن. بىر ھەپتە پايلىدى ئاران بۇ ئىشمۇ. ئاخىرى يولدىشىم بىر ھەپتىدىن كىيىن، ماڭا بۇ گەپنى قىلمىغىنە، سەن ئۆزۈڭمۇ ئۇخلىيالماي كېچىچە يىغلاپ ئولتۇرىدىكەنسەن، مېنىمۇ ئۇخلاتمايدىكەنسەن. مەنمۇ سەن بىلەن ياتمايمەن، ئايرىم يات دەپ يولدىشىممۇ قېيداپ ياتاق ئۆيدە ئايرىم ياتتى. ھەتتا «نېمە دېگەن گەپ، كېچىچە بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىساممۇ يىغلاۋاتقان، نېمە دېگەن ئادەمنى بىئارام قىلغان. كەلمەي ئاشۇ يەردە تۇرساڭ بوپتىكەن» دەپ كېتىدۇ مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ. ئۇنىڭغىمۇ دېيەلمىگەندىكىن ئىچىڭىز بۇرۇختۇم بولۇپ، ئۆزىڭىز تۆگۆشۈپ كېتىدىكەنسىز. تامىقىمىز تاماق بولماي، ئۆيگە كېلىپ تاماق ئەتسىڭىز قولىڭىز ئىشقا بارمىغان، بىر ئىستاكان چاي ئىچەي دېسىڭىز ھېلىقىلار كۆز ئالدىڭىزغا كىلىۋالغان، ياتسىڭىز ھېلىقى سېمونتىتىكىلەر كۆز ئالدىڭىزغا كېلىۋالغان، موشۇنچىلا پاجىئە، موشۇنچىلا ئىشلار بىلەن.

8- ئاينىڭ 27- كۈنى بولغاندا ئەتىسى بىزنىڭ ۋاقتىمىز توشىدۇ. بىز ئىمزالىغاندا 8- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە دەپ ئىمزالىغان ئەمەسمۇ موشۇ يەرگە كېلىشنىڭ ئالدىدا. 27- چىسلا چىڭجۈ دېگەن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىغا كىردىم مەن. كىرىپ: مېنىڭ ئەتىدىن باشلاپ توشىدۇ بۇ يەردىكى ۋاقتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ مەكتىپىگە نۇرمال قايتىشىم كېرەك. مېنىڭ مەكتۇۋىمدىمۇ باللىرىم بەشىنچى سىنىپقا چىققان، ئىككى سىنىپىم بار. كېلەر يىلى پۈتتۈرىدۇ ئۇلار. ئۇلارغا مەن بولمىسام بولمايدۇ. ئۇلارنى باشتىن باشلاپ مەن ئالغان دەپ چۈشەندۈردۈم. ھە بولىدۇ. بىزدە ئۇ جەدۋىلىڭ بار، دەپ ماڭا ئىمزا يېزىپ بەردى. ئىمزانى يېزىپ نۇرغۇن خەتلەرنى يېزىپتۇ. قارىسام، «مەخپىيەتلىكنى بەك چىڭ ساقلىغان، ئىشەنچىلىك، ئەستايىدىل... دەپ بىرمۇنچە يېزىپ، تامغا ئۇرۇپ بەردى. مەنمۇ رەھمەت، جاپا چەكتىڭلار، دېسەم، ھە سەنمۇ جاچا چەكتىڭ، دەپ ئۇزۇتۇپ قويدى مېنى.

ئەتىسى 8- ئاينىڭ 28- كۈنى نۇرمالدا ئۆزۈمنىڭ مەكتىۋىمگە قايتتىم. مەكتىۋىمگە قايتىپ كەلسەم، ئۇ مەكتەپتە شۇنداق چوڭ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگۆرۈش بوپتۇ. چۈنكى مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىلا «ئۈرۈمچى شەھەرلىك 24- باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ قوش تىلدا يېزىقلىق ئىدى يوغان. ئۈستىدە ئۇيغۇرچە، ئاستىدا خىتايچە بار ئىدى. ئۇ يوق، پەقەت خىتايچىسلام قاپتۇ. مەكتەپنىڭ قورۇسىغا كىرسەم، مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىدە لوزۇنكا، دوسكىلار، لەۋھەلەر بار ئىدى. ھەممىسى خىتايچە بولۇپ كېتىپتۇ. تۆت قەۋەت ئوقۇتۇش بىناسى بار ئىدى. ماۋۇ تەرەپتە ئىككى قەۋەت خانىلار بار ئىدى. ھەر بىر قەۋەتتە خىتاينىڭ داڭلىق يازغۇچى شائىرى بولسا، ئۇنىڭ يېنىدا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بار ئىدى. ئانچە مۇنچە ھۆسنىخەتلەر بار ئىدى. ھېچقايىسى يوق. پۈتۈنلەي خىتايچىلىشىپ كىتىپتۇ. چۆچۈپ كېتىسىز، شۇ دەرىجىدە. سىنىپلاردا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئۆلچىمى، ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى دەپ بار ئىدى ئۇيغۇرچە ئىككى جازىدا ئېسىغلىق، يېنىدا خىتايچە ئىككى جازىدا ئېسىغلىق. ھېلىقى ئۇيغۇرچىسى يوق. پەقەت تاپالمايسىز، بىرەر ئۇيغۇرچە خەت يوق ھېچيەردە.

مەن ئارخىپتا ئىشلىدىم دېدىمغۇ. ئۇ ئارخىپ ئىشخانىغا كىرسەم، ئۇ ئارخىپ ئىشخانىسىدا بىر خىتاي ئولتۇرۇپتۇ، لىياڭچەن دىگەن. «ۋوي، قايتىپ كەلدىڭمۇ» دېدى. ھەئە دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئېچىپ باقتىم ئىختىيارى. دەسلەپتە مەن پۈتۈن ئارخىپنى تۇرغۇزغان ۋاقىتتا ئۇيغۇرچە تۇرغۇزغان ئىدۇق. 2004- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ خىتايلار بىزنىڭ مەكتىۋىمىزگە كېلىپ، قوش تىل مەكتەپ بولغاندىن تارتىپ بىزنىڭ بۇ ئارخىۋىمىز قوش تىل ئارخىپىغا ئۆزگۆرۈپ، ھەر بىر ئارخىپنى بىز قايتىدىن قوش تىلدا يېزىپ چىققان ئىدۇق. مەن قايتىپ كېلىپ قارىسام ئۇ ئارخىپتا قوش تىلنىڭ ھېچقايسىسى يوق. پۈتۈنلەي خىتايچە قىلىشىمىز كېرەككەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدۇم. بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ دېسەم، تاڭ، بىزگە كەلگەن ئۇختۇرۇش، مەن ئۇقمۇدۇم ، يۇقۇرىدىن بىزگە شۇنداق چۈشەردى، موشۇنداق قىلىدىكەنمىز ، قايتا ئىشلەيدىكەنمىز ، دېدى. قالغان ئارخىپلارنىچۇ؟ دسەم، كۆيدۈرىۋېتىدىكەنمىز ئىككىمىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن قاراپ ھەيران قالدىم. مەندە گەپ قىلغىدەك ماغدۇر يوق راس گەپ قىلسام، ماجالىممۇ يوق ئۇلارغا چۈشەندۈرىدىغان. ئاشۇ دەرىجىدە بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېين مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ، مەن قايتىپ كەلدىم دەپ ھېلىقى قەغەزنى كۆرسەتسەم «ھە، سەن جاپا چەكتىڭ، سەن ۋەزىپىنى بەك ياخشى ئورۇنلاپ كەپسەن دېدى لىخۇڭجۈن دېگەن ئۇ مەكتەپ مۇدىرى خىتاي. ماڭا شۇنىلا دېدى، باشقا نېمە دېمىدى، لاگىرغا ، كامپىغا بېرىپسەن دېگەندەك. «جاپا چەكتىڭ، ئەمدى يەنە ئۆزۈڭنىڭ دەرسىنى ئالامسەن» دېدى. ھە، ئۆزۈمنىڭ دەرسىنى ئالاي دېدىم. شۇنىڭ بىلەن دەرسىمنى ئۆتكۈزىۋالاي دەپ ئۆتكۈزۈپ، 5- يىللىق 3- سىنىپ بىلەن 5- يىللىق 4- سىنىپ مېنىڭ سىنىپىم ئىدى. 5- يىللىق 1 بىلەن 5- يىللىق 2 خىتايچە سىنىپلار ئىدى. كىردىم. ئەمدى تېخى سىنىپقا كىرىپ (ئۇ ھسياتنى تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ) يوپيۇرۇق سىنىپ، ئالدىمىزدىكى ھېلىقى مەسۇم، ئوماق باللار «لاۋشى خاۋ» دەپ سالاملىشىپ. قاراپ سىنىپقا كىرىپ، دەپتەر كىتاپنى ئۈستەلگە قويۇپ «ئوف» دەپ بىر تىنىپتىمەن. ئۇ تىنىق شۇنچىلىك راھەت بىر تىنىق. يوپيۇرۇق ھەممە يەر. سىنىپ باشلىقىمىز بىر ئاز شوخىراق بالا ئىدى، سالاھىدىن دەپ. «مۇئەللىم، قايتىپ كىلىپ، بىزنى كۆرۈپ شۇنداق راھەتلەندىڭىز ھە» دېگەن ئىدى. ۋاي ئەقىللىق بالام، سەن قانداق بىلىۋالدىڭ؟ دەپ كۆزۈمگە ياش كېلىپ كەتتى. ئۇ، «سىزنىڭ ئوف دەپ بىزگە قاراپ كېتىشلىرىڭىزدىن بىلىۋالدىم دېگەن ئىدى، شۇڭا سەن سىنىپ باشلىقى، ۋاي ئەقىللىق بالام دەپ قويدۇم. دەرسىمنى ئۆتۈپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ نورمال بىر ھالىمغا قايتىپ كېلىپ بىر ئاز راھەت بولۇپ قالدىم دېدىم. ئىشخانىغا كىرىپمۇ بۇرۇختۇم. يا دىيەلمەيمەن گەپلىرىمنى. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈن ئۆتۈپتىمەن دەرسنى. بىزنىڭ مۇدىر تېلېپۇن ئۇرۇپ چاقىردى ئىشخانىسىغا. ھازىر كىرسەڭ بوپتىكەن دېدى. ھە، دەپ كىردىم. كىرسەم، يەنە ھېلىقى پارتكومنىڭ سېكرتارى سۇگلىيىڭ دېگەن ئىككى كادىر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ بىر سېكرتارى بار، ئىلمى مۇدىر بار. كىرسەم، «ھە قانداق؟ باللار سېنى كۆرۈپ خوش بوپ كەتكەندۇ؟ » دېدى. ھەئە، خوش بوپ كەتتى، مەنمۇ بەك خوش بوپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ باللىرى تۇرسا بۇلار دەپتىمەن. شۇنداق دېسەم، «سەن ۋەزىپىنى بەك ياخشى ئورۇنلاپ كەلدىڭ، ئەپسۇس، بۇ باللاردىن خوش بولۇشۇڭ ئىككى كۈنلۈك ئوخشايدۇ سېنىڭ. ئەتە سېنى تۇگۇڭدىكى بىر يەرگە، مەكتەپتە ئەۋەتىدىغان بولدى» دېگەن ئىدى. مەن ئۇلارغا ياق دىيەلمەيمەن. چۈنكى بىزنىڭ ياق دېيىش ئەركىنلىكىمىز يوق. بىز مۇمكىن ئەمەس دىيەلمەيمىز. تۇگۇڭدىكى مەكتەپ دېگەن ئىدى، ھېس قىلىپ بولدۇم، ھە، يەنە ئاشۇنداق لاگىرغا ئەۋەتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن گەپ قىلماي تۇردۇم. «سەن قانداق قارايسەن؟ ساڭا بېسىم بارمۇ؟» دەپ شۇنداق سوراۋاتىدۇ مۇدىر. «يوۋ يالىيما؟» دەپ. «نېمىگە يالىي بولىمەن مەن. ھېچقانداق يالىي يوق مەندە، ئۇنىڭغىمۇ مەن دۆلەت تىلىدا دەرس بېرىدىغان تۇرسام، ئاۋۇ يەرگىمۇ بېرىپ كەلدىم، باللارغىمۇ شۇنى بېرىدىغان تۇرسام» دەپ ئوكشىۋالدىم ئۆزۈمنى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇنداق بولسا ماۋۇ جەدىۋەللەرگە قول قويىۋەت» دېدى. قول قويىۋەتتىم. يەنە بىر ساقچى شوپۇرنىڭ نومۇرىنى بەردى. تۇگۇڭدى كامپىغا ئېلىپ بارىدىغان ساقچى شوپۇرنىڭ تېلېپۇن نومۇرى ئىكەن ئۇ. شۇنىڭ بىلەن 2017- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ تۇگۇڭدىكى قىز ئاياللار لاگىرىغا دەرسكە باردىم. شۇ يەرگىمۇ يەنە شۇ ساقچىغا تېلېپۇن ئۇرۇپ، شۇ شوپۇر ئېلىپ باردى ئۇ يەرگە.

2017- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ تۇگۇڭدىكى قىز- ئاياللار كامپىسىغا دەرسكە باردىم. يەنە ساقچى شوپۇر ئېلىپ باردى ئۇ يەرگە. ئۇ بىنا ئالتە قەۋەتلىك بىنا ئىكەن، بالكونسىز بىنا. ئومۇ توغرىسىغا سېلىنغان بىنا ئىكەن. قارىسام، بۇمۇ يېڭى سېلىنغان بىنا ئەمەس، تېشى كۆلرەڭ. بۇ بىنا مەھەللىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىنا ئىكەن. ھەرگىزمۇ بۇ بىناغا قاراپ بۇ كامپ، تۈرمە دەپ ئويلىمايدۇ ھېچكىم. چۈنكى بۇ بىنانى سالغاندا، تېشىدا تۆت خەت بار يېزىقلىق، لاۋنيەن گۇڭيۈ («老年公寓» ياشانغانلار تۇرالغۇسى) دەپ قىزىل، يوغان قەلەي تۆت بۈرجەك، ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈچۈنچى قەۋىتىگە توغرا كېلىدۇ ئۇ تۆت خەت. خېلى يىراق يەردىن كۆرەلەيسىز ئۇ خەتنى. شۇنداق قىلىپ شۇ

يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى شوپۇر. بۇ بىنامۇ ئەرلەر كامپىسىغا ئوخشاشلا قورۇ ئىكەن. تاملىرى سىملار بىلەن قورشۋېتىلگەن، ئىشىكلىرىمۇ شۇنچىلىك مۇستەھكەم قامال قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ كىردۇق. بۇ قورۇنىمۇ خىتاي ساقچىلار بىلەن ھەربىيلەر قۇراللىق قوغدايدىكەن. بۇ بىنانىڭ كارىدورى ئىچىگە كىرگەندىمۇ شۇنچىلىك قاتمۇ-قات، قاتمۇ-قات كىردۇق. كىرىپ شوپۇر مېنى بىر ئىشخانىغا باشلاپ قويدى. ئۇ ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايال بار ئىكەن، خىتاي ئايال. ئۈچ - تۆت ئەر بار ئىكەن. بۇلار شۇ يەرنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ئوخشايدۇ. ساقچىلار ئەمەس ئىكەن لېكىن ئۇلار. ئۇ ئىككى خىتاي ئايال ماڭا تونۇشتۇردى «بۇ ئالتە قەۋەت بىنا، ھەر بىر قەۋەتتە بىر سىنىپ بار. بىرىنچى سائەتتە بىرىنچى سىنىپقا كىرسەن، ئىككىنچى سائەتتە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىسەن، ئاشۇنداق تۆت قەۋەتكە چىقىپ، سائەت 12 بولغاندا يېنىپ چۈشىسەن. سائەت بىرگىچە تاماق ئېلىپ چىقىپ بېرىمىز ئىشخانىغا، سائەت بىردە بەشىنچى قەۋەتكە چىقىسەن، ئالتىنچى سائەتتە ئالتىنچى قەۋەتكە چىقىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يېنىپ چۈشىسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بەلگۈلەنگەن ۋاقىتتا قايتىمىز» دەپ ماڭا چۈشەندۈرى. ئۇنداق بولسا دەرسكە كىرسەڭ بولىدۇ دېدى. ساقچىلار باشلاپ ئېلىپ چىقتى مېنى. ئايال بار بىللە چىققان. ھەر بىر قەۋەتتە 20 نەچچىدىن كامېر بار ئىكەن. بىر ئېغىز، بىر ئېغىزدىن سالغان ئىكەن. مەن مانداق قاراپ، شۇ يەردىكى خىتاي كادىرلار، پىنسىيەگە چىققانلار پائالىيەت قىلىدىغان ئۆيلەرمىكى دەپ قالدىم. ھەر بىر ئۆيلەر ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەر ئىكەن. شۇلار شاھمات ئوينايدىغان، (خىتايلار جىق مەھەللە بولغاندىكىن) شۇنداق ئۆيلەرمىكى دەپ ھىس قىلىپ قالدىم. ھەر بىر قەۋەتتىدە شۇنداق چوڭ زال بار ئىكەن. ئۇ زال بەلكى شۇ خىتايلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان زالىمىكى دېدىم. چۈنكى بۇ خىتايلا نۇرمالدا ئۇسۇل ئويناپ، تانسا ئويناپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ. ھەر بىر سىنىپقا 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچى پاتىدۇ. 200دىن 300 گىچە ئوقۇغۇچى پاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بىرىنچى قەۋەتكە باشلاپ ئېلىپ كىردى مېنى. بىرىنچى قەۋەتكىمۇ ئاشۇنداق ئۈچ قات ئىشىكتىن ئۆتۈپ كىردۇق. ھەر بىر قەۋەتكە چىققۇچە ئەقلىڭىز ھەيران قالىدىغان ئىش، نېمە دىسىڭىز: بىرىنچى قەۋەتتىن ئىككىنچى قەۋەتكە چىققۇچە ئوتتۇرىدا ئايلىنىپ چىقىمىزغۇ، شۇ ئايلىنىدىغان ئارلىقمۇ رىشاتكا بىلەن توساغلىق. ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ. شۇ مەنزىرىنى كۆرسىڭىز خۇددى ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدىكى ئەڭ ۋەھشىيلەرنى، ئەڭ كۈچلۈكلەرنى سولايدىغان تۈرمىلەر بولىدىغان قاتمۇ-قات. شۇ ئېسىڭىزگە كېلىدۇ ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن، قاتتىق قامال قىلىنغانلىقىدىن. شۇنداق قىلىپ بىرىنچى قەۋەتتىكى سىنىپقا كىرسەم، بىز قەپەسنىڭ ئىچىدە، ئەلەر كامپىسىدا ئالدىمىز ئوچۇق ئىدى يۈز تۇرانە، ماۋۇ قىزلارنىڭكىدە بىز قەپەسنىڭ ئىچىدە ئىكەنمىز، قارشى تەرىپىمىزدە ئۇلار، ئۇلار بار تەرەپ قاراڭغۇ. مەسىلەن ماۋۇ تۆت دەرىزە بولغان بولسا، ھەر بىر دەرىزىنىڭ ئۈستى مانداق %30 _ %20 ئوچۇق قاپتۇ. قالغىنى ئاشۇنداق قاراڭغۇ. مەن بار يەردىلا سۇس چىراق بار، مەن دەرس ئۆتىدىغان يەردە. شۇڭا دەرس ئۆتىۋېتىپ مانداق قارىسا، ئۈچىنچى قاتاردىن كېيىنكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئاشۇنداق دەرىجىدە قاراڭغۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى سائەتتىلا بىرىنچى قەۋەتتىكى سىنىپقا كىرسەڭ بولىدۇ. سەن كىرگەندىن كېيىن بالىلار ئورۇنلىشىدۇ دېدى. مەن كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بالىلار كىرىدىكەن. مەن ماشۇ ئىشىكتىن كىرىدىكەنمەن قەپەسكە، ئۇلار ئاۋۇ ئىشىكتىن كىرىدىكەن. مەن كىرسەم ئىككى خىتاي، بىرى ئايال كادىر، بىر خىتاي ساقچى كىرىپ ئولتۇردى قەپەسنىڭ ئىچىگە مەن بىلەن بىللە. ماسكا ئۇلارنىڭ ئاغزىدا.

كارىدورنى يۇيىدىغانلارمۇ خىتاي ئەرلەركەن. ھەممىنىڭ ئاغزىدا ماسكا. ئۇ ۋاقىت كېسەل ۋاقىتلىرى ئەمەس. نېمە ئۈچۈن ماسكا بار دېسىڭىز: بۇ بىناغا كىرسىڭىزلا بەتبۇي، چىدىغۇسىز پۇرايدىكەن بۇنىڭ ئىچى. كامېرلاردىن ئۇلارنى (ئوقۇغۇچىلار دەپ قويااي) چاقىرىپ ئېلىپ چىققاندا ئىشىكنى ئاچقان ئىدى، قارىسام ئۇلارنىڭ ئوبىرنىسى كامېرنىڭ ئىچىدە ئىكەن. مەن بۇلارغا قاراپ قالدىم. بۇلارنىڭ ئەرلەر كامپىسىغا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇلار سېمونتتا ياتمايدىكەن. بۇلارنىڭ مانداق 20 سانتا تاختاي بار ئىكەن. ئالدى بىر ئاز ئوچۇقكەن، بۇلۇڭدىلا كېسەكنى قويۇپ چېلەك. كۆرۈنۈپلا تۇرىدىكەن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن ئولتۇرۇپ چوڭ كىچىك تەرەتنى قىلىپ، كۈندە نۆۋەتلىشىپ تۆكۈدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئىچى تىنغۇسىز ھەرخىل پۇراق، ئاشۇنداق ۋەھشى ئىكەن بۇ يەر. شۇنداق بولغاچقا بۇ يەردىكى خىتاي كادىرلار، خىتاي ساقچىلار ھەممىسى سالامەتلىكىنى قوغداپ ماسكا تاقايدىكەن. بىز نۇرمالدا ماسكا تاقىماي كىرىدىكەنمىز. ھېلىقى كىرىپ ئولتۇرغانلارمۇ شۇ ماسكا تاقىۋالغانلار، كارىدوردا مېڭىپ يۈرگەنلەرمۇ شۇ. بۇلار تېخى ئۆزلىرىنى سىنىپلارغا بۆلىۋاپتۇ. سىنىپ مەسئۇلى قىلىۋاپتۇ ئۆزلىرىنى، بىر نەچچە ئۆينى بىر قىلىپ.

موشۇ يەردىمۇ قىزلارنىڭ جىقلىغىدىن ئالتە قەۋەت بىنادا، بىرىنچى سائەتتە كىرىپ، ئىككىنچى سائەتتە، يەنە كىرىپ چىقىپ دىگەندەك. ۋويجان، نىمە دىگەن جىق ئادەم بۇ دەپ چارچاپ كىتىسىز، ئادەملەرنىڭ جىقلىقىغىلا. ئۇلار كىرىپ چىققان ۋاقىتلىرىدا ئوخشاش (چۈنكى بۇ سايىباغ رايۇنى بولغاچقا) بۇلارنىڭمۇ كۆلرەڭ، ئەرلەر كىيىدىغان ئىچ كىيىم، ئۈستىدە ئاشۇنداق جۇيزە رەڭ جىلىتكە، نۇمۇر. كىرىپ چىقىپ قىلغان ۋاقىتلاردا نۇمۇرلىرىغا قاراپ قالىدىكەنسىز. بەزىدە يەتتە سەككىز مىڭ بولۇپ كىتىدۇ تۆپىلىرىگە چىقسىڭىز. شۇنىڭغا قاراپ، «هە، يەتتە سەككىز مىڭ، ئۇنىمىڭغا يىقىن ئادەم بار ئىكەن-- دە» دەيسىز. گەپ سۆز يوق شۇنداق دەيسىز.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ %90 تى قىزلار. قىزلار دىگىنىم: 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار %90 نى ئىگەللەيدىكەن. ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار %10 نى ئىگەللەيدىكەن، ئۇلار بەشىنچى، ئالتىنچى قەۋەتتە ئىكەن. بۇ يەردىكى قىز- ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىچى چۈشۈرۈۋىتىلگەن ئىكەن. چاچ يوق. قارىسىڭىز ئەرمۇ، ئايالمۇ؟ چىچى يوقلا. بۇلارمۇ شۇنداق سۇلغۇن. ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەر بارغۇ، «ئۇرساڭ ئۆلىمەن، بەرسەڭ يەيمەن» دەيدىغان تەمسىللىرىمىز بولىدىغان، ئاشۇنداق بولۇپ كەتكەن. ئۇلار كىرىپ چىقىسىمۇ شۇنداق ئىغىر قەدەم. ئولتۇرسا قوپالمايدۇ، قوپسا ئولتۇرالمايدۇ، شۇنداق تەستە. خۇددى بۇلارنى بىرى كىچە-كۈندۈز قىيناپ، كىچە-كۈندۈز بىر ئىش قىلدۇۋاتقاندەكلا، ئاشۇنداق تۇيغۇ بىرىدۇ ھەر زامان، ھەر سائەت، ھەر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يۈرۈش تۇرۇشلىرى ۋە كىرىپ چىقىشلىرى. مەن كىرگەن بىرىنچى كۈنىلا، مىنىڭ بىر ساقچى تونۇشۇم بار ئىدى، ئايال ساقچى، بەك ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن يىقىنلىقىمىزدىن، مەن خىزمەتتىن بۇرۇن چۈشۈپ قالسام شۇ ساقچى دوستۇمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ خىتاي سەپداشلىرى بىلەن مۇڭدۇشۇپ، ئۇلار بىر يەرگە پائالىيەتكە بارسا مىنىمۇ بىللە ئىلىپ بىرىپ، ئۇلار دەيدىكەن: ھىلىقى كۆزى يوغان دوستۇڭنى ئىلىپ كەل، ھىلىقى چىرايلىق دوستۇڭنى ئىلىپ كەل، دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ساقچىلار بىلەن تونۇشاتتىم. شۇ بىرىنچى كۈنىلا قولۇمدا ماتىرىيال بىلەن كىرىۋاتسام، ساقچى باشلاپ ئەكىرىۋاتىدۇ مىنى، ئۇ بىر كامىرنىڭ ئالدىدا، تاماق سۇنىدىغان تۆشىكى بارغۇ، شۇ يەردە يىنىدا بىر خىتاي خىزمەتچىسى بار. شۇ يەردە خاتىرە يىزىۋىتىپتۇ. تۆمۈر رىشاتكا ئىشكەللەر شاراق-شاراق قىلىپ ئىچىلغان ئىدى، ئۇ ماڭا قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپتىمەن. قارىسام ئۇ ماڭا: «ۋۇي سەن بۇ يەرگە دەرسكە كەلدىڭما؟» دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۇ خىتاي ساقچىمۇ كۆرۈشتى مەن بىلەن «سەن دەرسكە كەلدىڭما» دەپ. ھەئە دىدىم. «سەن نىمىگە كەلدىڭ؟» دىسەم، «بىز خىزمەتكە كەلدۇق، چۈشتە قورۇدا كۆرۈشەيلى» دىدى. چۈنكى قورۇدا كامىرا يوق بولغاندىكىن، شۇ يەردە سۆزلىشىمىز دىمەكچى. بىز شۇنداق دىيىشىۋاتساق، شۇ ۋاقىتتا ئىككى ھەربىي بىر زەمبىلدە بىر قىزبالىنى ئىلىپ چىقىۋاتىدۇ كۆتۈرۈپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ قارىدى، مەنمۇ قاراپتىمەن. شۇنداق تىز ئىلىپ چىقىپ كەتتى. قارىسام ئۇ قىز شۇنچىلىك كىچىكلا، 18، 20 ياش ئىتىپ كەتسە. ئۇ قىزنىڭ چىرايىدا قان يوق. قارىسىڭىز ئۇ قىزنى ئۆلۈپتۇ دەيسىز. ئىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇ دوستۇم ماڭا تىزلا قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. گەپ قىلىشمىدۇق. قورۇدا كۆرۈشەيلى چۈشتە دىدى. ھە، دىدىم. مەن دەرسكە كىرىپ كەتتىم. ئۇ دەرسىم قانداق بولدى، قانداق ئۆتتۈم ئويلىيالمايمەن ھازىر. شۇنداق قىلىپ تۆت سائەت دەرسنى ئۆتۈپ چىقىپ، چۈشتە ئىككىمىز قورۇدا كۆرۈشتۇق. كۆرۈشۈپلا مەن دىدىم ئۇنىڭغا: «ئاۋۇ ئەتىگەن ئىككىمىزگە ئۇچرىغان ھىلىقى قىز بالا قانداق بولۇپتۇ، خەۋەر تاپتىڭمۇ؟» دىسەم، «دوختۇرخانىغا ئىلىپ بارغۇچە ئۆلۈپ قاپتۇ» دىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزبالا دوختۇرخانىغا ئىلىپ بارغۇچە ئەمەس، شۇ يەردىلا ئۆلۈپ بولغان قىز بالا. شۇنىڭ بىلەن «نىمە بولغان ئىدى ئۇ قىز بالا؟» دىدىم. ئۇمۇ سوراپتىكەن، خىتاي خىزمەتداشلىرى بولغاندىكىن بىلىدۇغۇ ئۇلار. ئۇ سورىسا، ئۇ قىز بالىنىڭ ئادىتى جىق كىلىپ كىتىپ، ئاغرىپ، قان جىق كىلىپ كىتىپ، بىر يىرىم ئايغىچە قان جىق كىلىپ كەتسىمۇ، ئىنسانىي جەھەتتىن بولسىمۇ دوختۇرخانىغا ئىلىپ بارماپتۇ. مەسىلەن: موشۇلارنىڭ يىغىۋىلىش كامپىسى، تەربىيلەش كامپىسى دەپ ئاتايدۇ ئاتاقتا. ئەگەر ئىنسانىي بىر نىمىسى بولغان بولسا، قەلب، يۈرەك بولغان بولسا، ئاشۇنى بىر يىرىم ئاي قان توختىمىدى دەيدىكەن، قاناپ كىتىپ بارىدۇ، ئىقىپ كىتىپ بارىدۇ دەيدىكەن. ئاشۇنداق ئىقىپ كىتىپ بارسىمۇ. ئاشۇ قىزبالىنىڭ قانسىراپ ئۆلۈپ كىتىشىنى ئويلاپ بىقىڭ. شۇنداقمۇ پاجىئە بولامدۇ ئەمدى. چۈنكى مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىش بۇ. كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ ساقچى دوستۇمدىن ئاڭلىدىم. ئۆلگىنىنى ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش جەريانلىرىدا، (بىز مەكتەپلەردىمۇ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ ئاڭلايتتۇق، قىز- ئاياللار كامپىلىرىدا باسقۇنچىلىقلار بولىدىكەن، ئانداق بولىدۇ، مانداق بولىدۇ دەپ ئاڭلايتتۇق) مەن ئۇ دوستۇمدىن سورىدۇم: «ھە ئاداش، بۇ يەردە قىز- ئاياللار بەك جىق ئىكەن. پۈتۈنلەي قىزلارمۇ نىمە؟ باسقۇنچىلىقلارمۇ جىق بولامدۇ نىمە؟ جى

بولامدۇ؟ سەن بىلەمسەن؟» دېسەم، «ۋاي بىز نەق شۇنى تەكشۈرۈپ كەلدۇق» دېدى. شۇنداق دېگەن ئىدى، «سىلەر نېمىنى تەكشۈرسىلەر» دېدىم.

خىتاي ئەر ساقچىلار بۇ يەردە ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىكەن. تالىشىپ ئىشلەش ئۈچۈن كېلىدىكەن بۇ يەرگە. بۇ گەپلەر قانداق چىقىپ كەتكەن دېسىڭىز، بۇ خىتايلار هاراق سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقان ۋاقىتلىرىدا دېيىشىدىكەن بۇلار. «مەن مانچە قىزبالىغا باسقۇنچىلىق قىلدىم. ئا قىزبالا ئانداق، ما قىزبالا مانداق دەپ دېيىشىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ تاراپ كېتىپ، هەر قايسى ساقچىخانىلارغا يېتىپ، ساقچى باشلىقلىرى ئاشۇ ئىككى خىزمەتچىسىنى موشۇ يەرگە ئەھۋال ئىگەللەپ، خىزمەت تەكشۈرگىلى ئەۋەتكەن ئىكەن. «بۇمۇ بىر شەكىل بولمامدۇ دەيمەن» دېدىم، ئۇمۇ «شۇ» دېدى. ئۇ ماڭا ئۈچرىغان ۋاقىتتا نەق شۇ قىزلاردىن سوراق خاتىرىسى ئېلىۋېتىپتىكەن. «مەن هەيران قالدىم، سىلەر ياخشى سورايدىكەنسىلەر بۇنى، يا تېشىغا ئېلىپ چىقىپ، ياكى بىرەر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ، كامېرا يوق يەردە سورىماسىلەر ئۇنى، ئۇ كارىدوردىمۇ كامېرا بار تۇرسا، ئۇ تۆرمىنىڭ ئىچىدىمۇ كامېرا  بار تۇرسا، قانداق دىيەلەيدۇ ئۇنى. ئۇلار نېمە دېدى؟» دېسەم. «بىز ئۇلاردىن سورىدۇق» دېدى. (ئاۋۇ خىتاي ساقچىمۇ گۇۋاھلىقتا تۇرۇپ بىرىدىكەن.) شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزلارنىڭ هەممىسىدىن سوراپتۇ «سىلەرنى سوراقتا ئېلىپ چىقتىمۇ؟ قىيىن قىستاقلار بارمۇ؟» دېسە، «هەئە، قىيىن قىستاقلار بار. چۈنكى بىز قىلمىغان ئىشلارنى مەجبۇرلاپ ئانداق قىلدۇ، مانداق قىلدۇ» دەپتۇ. «باسقۇنچۇلۇقتا ئۇچراپ باقتىڭلارمۇ؟ بىز بەك جىق ئاڭلاپ كەتتۇق» دېسىلا، قىزلار يىغلاپ كېتىدىكەن. يىغلاپ كېتىپتۇ، گەپ قىلالماپتۇ. «هە، هېچنىمە بولمايدۇ، دەۋرىڭلار بىزگە، بىز مانىڭغا خاتىرلەيمىز، ئۇنىڭدىن كىيىن ئىمزا قويىسىلەر» دەپتۇ. ئانىڭغا ئاۋۇ قىزلار دەيدىكەن، ئاندىن ئىمزا قويىدىكەن ئۇ يەرگە. «ئۆلتۈر، ئۆل» دېگەن گەپ بولمامدۇ بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق.\

شۇنىڭ بىلەن مەن شۇنداق هەيران قالدىم. «توۋا، موشۇ خىزمەت تەكشۈرۈشمىكەن؟» دېسەم. «ئاداش، يىغىپ ئېيتساق بۇمۇ بىر شەكىل» دېدى. «قانداق باسقۇنچۇلۇقتا ئۇچرايدىكەن موشۇلار، هەقىچان ماۋۇ خىزمەتدىشىڭ يېقىن سەن بىلەن، دېيىشىسىلەر» دېسەم، «بۇ پاجىئەنى مەن ساڭا دېسەم سەن چىداپ بولالمايسەن، ئەڭ ياخشىسى سورىمىساڭ بوپتىكەن» دېدى. «هە، مەن ئاڭلاپ باقايچۇ، مەنمۇ جىق ئاڭلىغان. نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچۇلۇق قىلىدىكەن دەيدۇ، بەك ئېغىر دەپسەندە قىلىدىكەن دەيدۇ، راستمۇ ئاشۇ؟ مەن سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئاڭلاپ باقاي دېدىم،  خەقلەرگە جىق ئىشەنگىم كەلمىدى» دېسەم، «نېمىگە ئىشەنمەيسەن، خىتاي ئەرلەر بىكارغا تالاشمايدۇ بۇ يەرنى، «قىزلار جىق ئىكەن، چىرايلىقكەن، چىرايلىق قىزلارنى تاللاپ ئېلىپ كېلىدىكەن دەپ».

بۇلار ئۇ قىزلارنى سوراق قىلغان ئۆيلەردە كامېرا يوق ئىكەن. كامېرا يوق ئىشخانىلارغا ئېلىپ كىرىپ، سوراق قىلىدىكەن. بىر قىزبالىغا تۆت بەش ساقچى باسقۇنچۇلۇق قىلىدىكەن نۆۋەتلىشىپ. باسقۇنچۇلۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دىيەنباڭ دەيمىزغۇ، توك كالتەك. شۇ توك كالتەكتە جىنسى ئەزاسىغا، مەقەت يولىغا توك بىرىپ، ئاشۇنداق قىينايدىكەن. قىيناپ بولۇپ يەنە باسقۇنچۇلۇق قىلىدىكەن ئۇنى ئاز دەپ» دەپ شۇنداق دەپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «ۋاي نېمە دەيدىغانسەن، ۋاي مەن سورىمىسام بوپتىكەن، سەنمۇ دېمىسەڭ بوپتىكەن» دەپ كەتتىم. شۇنداق دېسەم «ئۇنىڭدىن ۋەھشىيسىگە نېمە دەيسەن» دېدى. باسقۇنچۇلۇق جەريانلىرىدا، شۇنداق قىيناش جەريانلىرىدا قاناپ، قان چىقىپ كەتسە، (قان كۆپ چىقىپ كېتىدىكەن - دە) يەنە شۇ باشقا قىزلارنى ئېلىپ كىرىپ تازلىتىدىكەن. شۇ جىنسى ئەزالىرىنىڭ قاناپ كەتكەنلىرىنى ئاز دەپ، ئۇ قىزلارنىڭ ئېغىزلىرى، قۇلاقلىرىمۇ قاناپ كېتىدىكەن. قالغىنىنى دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز چۈشىنىسىز.

بۇ گەپلەرنى باشتا دېگەندە، «ۋاي، سورىمىسام بوپتىكەن، نېمىشقىمۇ سورىغاندىمەن، سەنمۇ دېمىسەڭ بوپتىكەن،» دېدىم. كېيىنكى گەپنى ئاڭلاپ، قورۇدا تۇرۇپ هۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم ئۆزۈممۇ چىدىماي. چۈنكى مېنىڭمۇ قىزىم بار-دە. «ۋاي، موشۇلارمۇ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئەتىۋالىق قىزلىرىغۇ، ۋاي ئىپلاس، ۋاي نېجىس خىتايلار، خۇدايىم موشۇ خورلۇقلارنى كۆرىۋاتقانمىدۇ؟ ئەرلەرغۇ بەرداشلىق بەرسۇن، ئەركىشى ئۇ، بۇ نارەسىدە قىزلارغۇ، بۇ مەسۇم قىزلارغۇ. خۇدا! نېمە دېگەن پاجىئە بۇ، دەپ هۆكىرەك يىغلاپ كەتتىم. «ۋاي سەن بىزگە ئىش تاپامسەن، بىزنى ئۆلسۇن دەمسەن؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ دوستۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئوڭلىشىۋېلىپ يەنە. سائەت بىر بولغاندا چۈشتە كۆرۈشكەن ئىدۇق. ئىشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپتىكەن تاماقنى، گاڭپەن بىلەن ئىككى خىل سەينى، ئۇنىمۇ نەدە يەيدىغان گەپ. هېلىقى خىتاي ئايال «تامىقىڭ مۇزلاپ كەتتى، يىمىدىڭ» دېدى. «دوستۇم بىلەن ئۇزاق بولغان كۆرۈشمىگىلى، شۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم دېدىم. «تامىقىڭ مۇزلاپ قالدى» دېدى. «ئاۋۇ بىر نەرسە ئېلىپ كەپتىكەن، شۇنى ئىككىمىز يېدۇق» دەپ قويدۇم

يالغاندىنلا. يېگىلى بىر نەرسە ئۆتەمدۇ گاللدىن دەگا. «ئانداق بولسا قايناق سۇ ئىچەمسە» دېگەن ئىدى. قايناق سۇ ئىچتىم. تىترەپ كېتىۋاتىمەن. يا دەپتەر كىتاپ تۇتقۇم كەلمەيدۇ. كاللامغا شۇلا كىرىۋالدى.

چۈشتىن كېيىن دەرسكە ئاران-ئاران تەستە چىقىپ، بەشىنچى، ئالتىنچى قەۋەتتىكى دەرس. ئاشۇنداق قىلىپ قايتتىم. دەرسلەر شۇنداق داۋام بولدى. شۇ جەريانلاردا مەن يەنە بىر نەچچە قېتىم سورىسام، بۇ يەردىكى قىز- ئاياللارغا، بۇلارغىمۇ ئوكۇل ئۇرىدىكەن. ئۇلارغا ئۇرغان ئوكۇلى ئادەت توختۇتۇش ئوكۇلى ئىكەن. ئادەت توختۇتۇش ئوكۇلى ئۇرىدىكەن. بۇلارغىمۇ دورا بېرىدىكەن، ئادەت توختىتىدىغان دورا بېرىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قان ئالىدىكەن. قان ئېلىشتىكى مەقسىدى، ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىرنى تەكشۈرىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ دورا ئوكۇللىرى ئاشۇنداق ئىكەن. بۇ بەزىدە ئەكىس تەسىر قىلىپ قاناپ، قان توختىمايدىكەن قىزلاردىن. بەزەنلىرىنىڭ ئادەتلىرى پۈتۈنلەي توختاپ كېتىدىكەن، كەلمەيدىكەن. ھەتتا بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىمۇ تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەندىكىن بۇ يەرگە، (بوۋاق بالىلىرى بارلارنى) شۇنداقلارنىڭمۇ سۈتلىرى توختاپ كەتكەن ئىكەن. مەن بىر كۈنى دەرس ئۆتۈپ، «ۋەتەن» تېمىسىدا بىر تېكىست ئىدى ئۇ. تېكىستتىن بىر نەچچە قۇر جۈملىنى يېزىپ، ئاستىغا ۋەتەن دېگەن خەتنى يېزىپ (زۇگو دەپ يازدىم)، بۇنىڭغا جۈملە تۈزەيلى دەپ بولغىچە، ھەر بىرى «بىز، بىز» دېيىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن بىر باشتىن سوراپ باقتىم. ئىككى سائەتلىك دەرس پۈتۈنلەي جۈملە تۈزەش بىلەنلا ئۆتتى.

دەرس جەريانىدا بىر قىزبالا دېدى «مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن مۇئەللىم (ۋوئەي ۋودى زۇگو، دېدى) ۋە مەن ۋەتىنىمنى سۆيگەن بولغاچقا، مېنىڭ ئاتا - ئانام بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ مېنى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقارغان ئىدى. مەن شۇ ۋەتىنىمنى سېغىنىپ كېتىپ، ئاتا - ئانا، تۇغقانلىرىمنى سېغىنىپ كېتىپ، كەلگەن موشۇ يەرگە. كەلسەم، ئاتا — ئانا، تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشەلمەيلا مەن بۇ يەرگە دۆلەت تىلىدا تەربىيەلىنىشكە كەلدىم. مەن ۋەتەننى سۆيىمەن. ھۆكۈمەت پارتىيەگە رەھمەت، بىزگە موشۇنداق شارائىت يارىتىپ بەرگەنگە» دېدى. بۇلار جۈملە تۈزەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچىگە پاتمىغىنىنى ماڭا دەۋاتىدۇ - دە ئاشۇ يەردە. مەن ئۇنىڭغا چىداپ بەرداشلىق بېرىۋاتىمەن. چىديالمىسام دوسكىغا قاراپ، دوسكىنى ئۆچۈرگەن بولۇپ، خەتنى قېنىقلاپ، ئاشۇ «زۇگو» دېگەن ئىككى خەت شۇنچىلىك قېنىق بولۇپ كەتتى. يەنە ئۈستىگە يەنە يازىمەن، يەنە ئۆچۈرىمەن، ئاشۇنداق قىلىپ، ئامال بار ئۆزۈمنى قاچۇرىۋاتىمەن - دە ئۇنىڭدىن. يەنە بىر قىزبالا دەيدۇ: «مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن. مېنىڭ بالام تېخى كىچىكتى، تۆت بالام بار. تۆتىنچىسىگە تېخى ئەمدى ئون نەچچە كۈن بولغان. بالامنى ئېمىتىۋاتقان ئىدىم مەن. مەن ئۇقمايمەن، موشۇ يەرگە دۆلەت تىلى دەرسىگە موشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ھۆكۈمەت، پارتىيەگە مەن رەھمەت ئېيتىمەن. بىزگە موشۇنداق ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگىنىگە» دېدى. مەن «ھە بۇنىڭ بالىسى بوۋاق ئىكەن - دە » دېدىم. يەنە بىرسى: « ۋاي مۇئەللىم، بىزمۇ ۋەتىنىمىزنى بەك سۆيىمىز، ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يەر. بىزنىڭ ھۆكۈمەت، پارتىيە شۇنداق ياخشى ئىشلار بىلەن بىزنى موشۇ يەردە تەربىيەلەۋاتىدۇ. مەن كېلەر ھەپتە توي قىلماقچى ئىدىم. توي باغاقلىرىمىزنى تارقىتىپ بولغان ئىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن مېنىڭ توي قىلماقچى بولغان يىگىتىمنىمۇ ئېلىپ كەتتى. مەنمۇ بۇ يەرگە كەلدىم. مەن يەنە ھۆكۈمەت، پارتىگە رەھمەت ئېيتىمەن، ماڭا موشۇنداق شارائىتنى يارىتىپ بەرگىنىگە» دەپ ئاشۇنداق دېدى.

نۇرمالدا پاراڭلىشىپ ئاشۇ قىزلار ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ، ئېقىپ دېيىشى كېرەك ئىدى. ئاشۇلارغا قارىسىڭىز ھېلىقى ئايالمۇ «مېنىڭ بالام بار ئىدى ئېمىتىدىغان» دەيدۇ. خۇددى مېڭىسى يۇيۇلۇپ كېتىپ، بالىسنى سېغىنمىغاندەك، ۋە ياكى سېغىنىپ، سېغىنىپ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھايات چىقىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك، «بولدى موشۇ يەردە تۈگەپتۇ، ھۆكۈمەت موشۇنداق قىلىپتۇ» دەپ، سىرىتتىن پۈتۈنلەي ئالاقىسىنى ئۈزگەندەك، ئىش قىلىپ تۈزگەن جۈملىلىرىمۇ ئاشۇنداق سىزگە ئۆزىنى ئىپادىلىگەندەك ئاشۇنداق تۇيغۇ بىرىدىكەن. ئاشۇنى ئاڭلاپ تۇردۇم، بەزىسى دەيدۇ، مىسىردا ئوقۇپ كەپتۇ. بەزىسى سەئۇدىيدا ئوقۇپ كەپتۇ. قازاقىستاندا ئوقۇغانلار بار ئىكەن. بىرسى قازان داشۆسىدە دەيدۇ. قىرغىزىستاندىمۇ، قازاقىستاندىمۇ بىر يەردە دېدى. ئاشۇ يەردە ئوقۇپ تېخى ئەمدى بىر مەۋسۇم بولۇپتىكەن. ئاتا - ئانىلىرىنى سېغىنىپ كېتىپ كەپتۇ. ئەمدى 18 ياشقا كىرىپتىكەن ئۇ. ئاتا -ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغاچقا كەلگەن ئىكەن. يەنە نۇرغۇنلىرى ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدىن دېدى. ئوقۇغۇلى چىققانلار، ياپۇنىيەدە ئوقۇغانلار بار ئىكەن. كورىيەدە ئوقۇغانلار بار ئىكەن. ئاشۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بىلدىم. بولمىسا ماڭا كىم دەپ بېرىدۇ ئۇنى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۈزگەن جۈملىلىرىدىن شۇلارنى بىلدىم.

ئۇلارنىڭ ھەر بىر گەپ سۆزلىرىگە قارىسىڭىزمۇ، ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن. چۈنكى بۇلار شۇنچىلىك خورلۇقلار، دەپسەندىچىلىكلەر، ھەر خىل باسقۇنچىلىقلارغا ئۇچرىغاچقا، ئۇچراۋېرىپ، خۇددى بالىلارنى ئۇرىۋەرسە بەزلىشىپ قالغاندەك، بۇلارمۇ ئاشۇنداق خۇنۈكلىشىپ، پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ «ۋاي بولدىلا، بەرىبىر موشۇ ئىكەنغۇ قانداقلا بولساق. ئۆلتۈرەمسەن، ئۇرامسەن، چاپامسەن مانا موشۇ بىز شۇ» دېگەن ھالغا كەپ كېتىپتۇ بۇ قىز ئاياللارنىڭ ھەممىسى. مەن دوستۇمدىن ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق كۆزەتتىم. مەن باشتا كەلگەن، ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغان ۋاقتىمدىكى تۆت سائەتتىمۇ «بۇلار موشۇنداق تاماقسىز، سوغۇق (ئۇنىڭ ئىچىلىرى سوغۇققۇ پار بولمىغاندىكىن) ھەم ئاچ، ھەم يالىڭاچلىقتا ئولتۇرۇپ قوپالماي، قوپسا ئولتۇرالمايدىكەن» دەپ ئويلايتتىم. چۈشتە قورۇدا دېيىشىپ، نەچچە كۈن كۆزىتىش ئارقىلىق دىققەت قىلسىڭىز، ئۇلار باسقۇنچۇلۇققا ئېغىر ئۇچراپ، زەخمە، قىيىن قىستاققا ئېغىر ئۇچرىغانلىقتىن، شۇنچىلىك قىينىلىدۇ. كىچىك ئورۇندۇق ئۇ سىنىپتىكى. موشۇنداق ئاياپ ئولتۇرىدۇ. قوپۇشلىرىمۇ شۇ. قاراپ بىر خىل بولۇپ قالىسىز. شۇ دەرىجىدە ئۇلار. تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە.

يەنە بىر نەچچە قېتىم ئاشۇ يەردە، بىر خىتاي ئەر ئوقۇتقۇچى بار، قانۇن دەرسى بېرىدىغان. بۇ ئەدلىيە مەكتەپنىڭ قانۇن دەرسى  بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىسى. پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن، 70 ياشتىن ئاشقان. بىر نەچچە قېتىم بۇ خىتاي ئەر ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئېلىۋالدى مېنى. مەن دەرستىن چۈشۈپ قورۇدا ساقلاپ تۇرسام، كۆرۈشۈپ قالدۇق بىز. «سەن نېمىگە تۇرسەن» (چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مېنى ئاپىرىپ قويىدىغان ساقچى شوپۇر ئاشخانىغا  بىر نەرسىنى ئەكىلىپ بەرگىلى كېتىپتىكەن. مېنى ساقلاپ تۇر. ئۇ كېلىدىغان بولدى، دېگەن. ساقلاپ تۇرسام ئۇ چىقىپ) مېنىڭ شوپۇرۇم كېلىپ بولۇپتۇ. مەن بىلەن بىللە ماڭ» دېدى. شۇنداق دېگەن ئىدى «ھەجەپ ياخشى» دەپ ماشىنىسىغا چىقىۋالغانتىم نەچچە قېتىم. بىزنىڭ ئۇ يەردىن قايتىدىغان ۋاقتىمىز تازا يۇقىرى قاتناش بېسىمى ۋاقتى بولغاچقا (ئۇ مېنى بىر قېتىم نەنزىگوغا تاشلاپ قويدى. نەنزىگودىن 912 گە چىقىپ كەلسەممۇ بولىدۇ ياشلار باغچىسىنىڭ ئالدىغا، «مەن نەنزىگوغا بىر ئىش بىجىرگىلى بارىتتىم، موشۇ يەرگە تاشلاپ قويسام بولامدۇ» دېگەن ئىدى. «ھەئە بولىدۇ، ئاپتۇز قۇلايلىق ماڭا» دېدىم.) تۇگۇگىدىن ئاشۇ يەرگە بارغۇچىمۇ بىرەر سائەت ئارتۇق ۋاقىت كەتتى. توسۇلۇپ، مېڭىپ، توسۇلۇپ دېگەندەك بولۇپ.

شۇ جەرياندا موشۇ قانۇن دەرسى بېرىدىغان ئەر ساقچى ئوقۇتقۇچى ئەر خىتاي ساقچى شوپۇرغا گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن كەينىدە دەرىزىگە قاراپ ماڭدىم. توۋا دەپ ھەيران قالدىم. بۇ قانۇن دەرسى  بېرىدىغان موئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىڭىز، شوپۇرغا دەۋاتىدۇ:« بۇ ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ھازىر؟ بۇ ھۆكۈمەت قانداق ئىش قىلىۋاتىدۇ ھازىر؟ مەن شۇنداق ھەيران قالدىم. مەن ئۇلارغا قانۇن دەرسى  بېرىمەن دەپ كىرسەم (ئۇ يەردىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەردىن سوراپتۇ، سورىسا، بۇ يەرنى ئالتە سىنىپقا بۆلۈپ قويۇپتۇ. يىبەن، ئەربەن دېگىنى جەنزىبەن ئىكەن ئۇ. جەنزىبەن دېگىنى ئەڭ كۈچلۈكلەرغۇ بىلىسىز، «قايچىدەك» دېمەكچى) ئاشۇ قانۇن دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىم شۇ گەپلەرنى شوپۇرغا دەۋاتىدۇ. بۇلار ئۇ يەرنى بۆلۈپتۇ، يىبەن (1-سىنىپ)، ئەربەن (2-سىنىپ)، جەنزىبەن («尖子班» ئاقىللار سىنىپى)، سەنبەن (3-سىنىپ)، ، سىبەن (4-سىنىپ)، ، كۆيبەن(«快班» تېز سىنىپ)، ، ۋۇبەن (5-سىنىپ)، ، لىيۇبەن (6-سىنىپ)، ، مەنبەن  («慢班» ئاستا سىنىپ)، ئىكەن قاراڭ. ئاشۇ جىيەنزىبەن دېگەنلىرى پۈتۈن لىيۇ شۆسىڭ («留学生» چەتئەلدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار) ئىكەن. پۈتۈنلەي چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر ئىكەن. ئاشۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەنلىرى مەسىلەن، يەنجۇسىڭ («研究生» ئاسپىرانتلار)، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. بۇ دەيدۇ «مەن كىرىپ قانۇندىن بىر تېما يازغان ئىدىم. يېزىشىمغا ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماڭا قويۇپ كەتكەن (شۆيۈەنمېن دەيدۇ بۇلارنى) ماڭا بەرگەن سۇئاللىرىغا ئەقىل ھەيران قالىدۇ» دەيدۇ. «نېمە دېگەن يۇقىرى ساپا، نېمە دېگەن يۇقىرى سەۋىيەدىكى سۇئال ئۇ. مەن داڭقېتىپ قالدىم، بۇلار قانداق بالىلاردۇ بۇ؟ بۇ نېمىگە كېلىپ قالغان بالىلاردۇ بۇ، دەپ داڭقېتىپ قالدىم. ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىدۇ بۇلارنى بۇ يەرگە يىغىپ؟ قانداق ئىش قىلىۋاتىدۇ ھۆكۈمەت» دەپ ئۆزىنىڭ ھەيران قالغان، ئىدىيەسىدىن ئۆتمىگەن ئىشلارنى دېدى. شۇ جەرياندىمۇ بۇ يەنە «ئۇنى ئاز دەپ يەنە بۇ يەردىكى قىزلارنى خىتاي ساقچىلىرى... بۇ ھېلىقى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىر ۋەھشىيلىككەن بۇ» دېدى.

ئەگەر بۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىڭىز، بۇ خىتاي ئەر بىزنىڭ ئاشۇ ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقىلى خېلى ئۇزاق يىل بوپتىكەن. (ئۇزاق يىل ياشىغان بەزى خىتايلار بارغۇ، بىزنىڭ ئۆستىمىزدە گەپ قىلىپ قويىدۇ، ئانچە مۇنچە، بەزىدە) موشۇ خىتاي ئوقۇتقۇچى بىز تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتىدۇ. «ھەتتا بۇ قىزلار موشۇ يەردە بىر دانە خىتاي مومىسى يەيدىكەن،

شپەن ئىچىدىكەن» دەپ، شۇنى دەۋاتىدۇ. خىتاي ساقچىلارنىڭ كارى يوققۇ:«نېمە يەيدۇ بۇلار، ئەكىلە كۆرەي، بۇلارنى قانداق قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سوراۋېرىدۇ بۇلار ئەركىن، ئىختىيارى. بىز گەپ قىلالمىغان بىلەن. «ماندا قىلە كۆرەي، دەپ چىلەكلەرگە قارىدىم، ماندا، ماندا چۆمۈچتە قوچۇپ باقسام، بىر تال گۈرۈچمۇ يوق شپەن ئىكەن ئۇ. ھېلىقى خىتاي مومىسى مۇشتا، مۇشتا بار. شۇ مومىنى بىز يىسەكمۇ قوسقىمىز ئېچىپ كېتىدۇ بەزىدە. موشۇلار ھېلىمۇ چىدايدىكەن، بۇ قىزلار. مەن ھەيران قالدىم. بۇلار ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ بارغانسىرى. ھە بوپتۇ، بۇلارنى ئاچ قويسۇن، يالىڭاچ قويسۇن، سوغۇقتا توڭلىسۇن، ھە بوپتۇ. بۇلارنى يەنە بۇنىڭدىن سىرىت قىينايدىكەن، سوراق قىلىدىكەن. بۇلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلدىڭ دەپ دېگۈزۈپ، قول قويغۇزىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئېچىنىشلىق پاجىئەنىمۇ بىلەمسەن؟ بۇلارغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىدىكەن قارا» دەپ ئاۋۇ خىتاي ئەر ساقچى، ئاۋۇ شوپۇر ساقچىغا دەپ مېڭىۋاتىدۇ ئاۋۇ گەپنى. يا بۇ ئەر ساقچى مەخسەتلىك دېدىمۇ بۇ گەپنى، مېنى بىر گەپ قوشامىكى دەپ، ياكى بۇنىڭغا راست ئاشۇنداق دەۋاتامدۇ بىلمىدىم. «موشۇنداق باسقۇنچۇلۇق قىلىدىكەن، نۆۋەتلىشىپ قىلىدىكەن، شۇنچىلىك پاجىئە. بۇ ھەقىقەتەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بولماي نېمۇ؟ سەن ئويلاپ باقە. سەن ھازىر موشۇنى قوبۇل قىلالىدىغمۇ؟ سېنىڭ ئىدىيەڭدىن ئۆتتىمۇ» دەپ ئاشۇنىڭغا ئاشۇنداق دېيىشىپ ماڭدى - دە، نەچچە قېتىم. بۇ مېنىڭ ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلاپ، كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار.

مەن موشۇنداق جەريانلار بولغاندىكىن، بارىمەن، كېلىمەن. دەرسىم نۇرمال ئاشۇنداق بولىۋاتىدۇ. بۇ ئەسلى مەن ئاشۇ يەرگە بارىدىغاندا مەجبۇرى توختامدا 2017. يىلى 9. ئاينىڭ 1ى دىن، 2018. يىلى 3 . ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە تۇرىشىم كېرەك ئاشۇ يەردە، ئالتە ئاي. ئالتە ئاي تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن 11- ئايغا بارا - بامايلا، مەن دېدىمغۇ ئەرلەر كامپىسىدىكىنى تارتىپ بولالماي، ئېسىمنى يىغىپ بولالمايۋاتقان ۋاقتىمدا، بۇ قىز- ئاياللار كامپىسكى بۇ ئىشلار. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە كەينى - كەينىدىن كېلىپ كەتكەن ئىشلارنى مەن ھازىر قىستۇرۇپ دەپ  بەرسەم چۈشىنىسىز. مەن بۇ يەردە بەرداشلىق بېرىپ بولالمىدىم 11- ئايغا بارغىچە. ئاڭغىچە بىزنىڭ قورۇدا، بىزنىڭ ئەنجۇ ئولتۇراق رايۇنىنىڭ قورۇسىدا ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى بىزنىڭ كادىرلىرىمىز، بىزگە مەسئۇل كادىرلار بىزگە ئاھالىلەر توپىدا ئۇقتۇرۇش يوللىدى. 5- ئاينىڭ ئاخىرى يوللىغان ئىدى ئۇ ئۇختۇرۇشلارنى، 7- ئايغىچە قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن. مەن سىزگە ئەۋەتىپ  بەرگەن ھېلىقى چاڭلويەندىكى مەنجىڭ ئامبۇلاتورىيەسىگە بېرىپ ئۆزۈك سالدۇرىشىمىز كېرەك ئىكەن.

18 ياشتىن 50 ياشقىچە. 2017 ۋە 2018 ئىككى يىلدا ئاشۇنداق ئۇقتۇرۇش بار ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇنى ئۆلگۈردۈق قىلدۇق. شۇنىڭ  بىلەن مەن 2017 -يىلى بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىمۇ، يەتتىنچى ئايمۇ ئىش قىلىپ ئۆزۈك سالدۇرغان ۋاقتىم. 9- ئايدا مەكتەپكە كەلدىم. 11- ئايلار بولغان ۋاقتىدا مېنىڭ ئادىتىم توختىمىدى. شۇنىڭ بىلەن 15 كۈن ساقايمىدىم. ئاخىرى ئۆزۈم قورقتۇم. قانسىراپ قالماي دەپ. 10- ئاينىڭ 20سىمۇ ئىش قىلىپ 20 نەچچىنچى چىسلا ئەتىسى ئەتىگەن مەن قوپالمىدىم قەتئىيلا. شۇنىڭ بىلەن يولدىشىمغا دېدىم:«مادارىم يوق مېنىڭ قەتئى. دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارسىڭىز بوپتىكەن مېنى» دېدىم. ئۇ بىلىدۇ - دە ئەر بولغاندىكىن. «ساڭا شۇ ئۆزۈك تەسىر قىلدى ھەقىچان» دېدى. شۇنىڭ  بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى بىزدىن ئىككى بېكەتلا ئۇستىدە. بىيەنجاڭ بىڭگۇەننىڭ ئۇستىدىلا شۇ. پەسكە چۈشۈپ، ماشىنا توسۇپ، شۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرخانىدا ياتاقتا ئالدى. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىنلا قان بېسىمىمنى ئۆلچىدى. قان بېسىمىم قانچىگە چۈشۈپتۇ دەڭ، 45 – 65.  تەكشۈرۈشكە مېنى ماڭدۇرۇپ ئېلىپ چىقالمىدى. ھارۋىدا ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىدا تەكشۈرۈش قىلىپ، ئاشۇنداق ئەكىردى. ئاشۇنداق بولۇپ كەتتىم. ئۇ ئادىتىم توختىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە سالغان ئۆزۈكنى ئېلىپ، داۋالىنىپ دېگەندەك.

تەكشۈرۈپ كىرگەن ۋاقتىمىزدا تېلېپۇن كەلدى. تېلېپۇننى ئالغۇدەك مادار يوققۇ مەندە.  تېلېپۇننى يولدىشىم ئالدى. بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى تېلېپۇن ئۇرۇپتۇ:«قەيبىنۇر مەكتەپكە بارماپتىغۇ؟ تېلېپۇننى سەن ئاپسەنغۇ؟» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ شۇنداق غەزىپى بىلەن. «ياتاقتا يېتىپ قالدى» دېگەن ئىدى. تېلېپۇننى مەن قولۇمغا ئېلىپ، (گەپقىلغۇدەكمۇ ئاۋاز يوقق، ئاران تەستە) «مەن موشۇنداق ئادىتىم (دەۋەدىم) بەك كەپ كەتتى» دېسەم. «ئادىتىڭ كەپ كەتسە، ھەممە ئاياللارنىڭ كېلىدىغۇ، باساڭ بولمامدۇ؟ ئۇلار بىزگە تېلېپۇن قىلىپ تىللاپ كەتتى. يا دەپ قويمايدىكەنسەن» دېگەن ئىدى. «مېنىڭ دەپ قويغۇدەكمۇ مادارىم يوق، ئاران كەلدىم موشۇ يەرگە» دېسەم، تېلېپۇننى بېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن چۈشتىن كېيىن بولغاندا ماڭا بىر ئەر، ئارقا سەپ مۇدىرىمىز بار ئىدى، شۇنى باشلاپ كەپتۇ دوختۇرخانىغا. ئاڭغىچە يەنە تېلېپۇن ئۇرۇپ يولدىشىمدىن قەيەردە، قانداق؟ دەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى كۆرۈپ، چىرايىمدا قان يوق، تامدەك موشۇنداق مىدىرلىماي ياتقىنىمنى كۆرۈپ «سەن بەك ئېغىر ئاغرىپسەنغۇ؟ ساڭا بەك بېسىم بولۇپ كەتتىمۇ نېمە بۇ دەرسلەر؟ بېسىم

بولۇپ كەتتى يا؟ نېمە ئىش بار ساڭا بېسىم بولۇپ كەتكىدەك؟ شۇنى دەپ بېرەلەمسەن» دېگەن ئىدى. ماڭا ھېچنىمە بېسىم بولمىدى. ئادىتىم نورمالسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بەك ئاغرىپ كەتكەن بولغاچقا موشۇنداق. باشقا ھېچقانداق بېسىم يوق ماڭا. مەن بېسىم دەپ ئويلىمايمەن. ئۆزۈمنىڭ ئادىتى ماڭا بېسىم بولۇپ كەتتى. 15 كۈن بولدى مەن ئاغرىۋاتقىلى دېدىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ بىزنىڭ بىر خىتاي ئىلمىي مۇدىرىمىز ئاغرىپ، ئادىتى توختىماي، ئايلىنىپ قېلىپ مەكتەپتە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان ئىدى ئەرلەر. ئۇنى بىلەتتى ئۇ خىتاي. شۇنىڭ بىلەن ھە، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن دېدىم:«ئادەم 45 ياشتىن ئاشقاندا قارا، ئاياللار ئاشۇنداق بولىدۇ. شۇ بېسىم، ماڭا باشقا بېسىم يوق، مەن ياخشى بولۇپ كېتىمەن» دېسەم. «ئۇنداق بولسا كىمنى ئەۋەتىمىز ئۇ مەكتەپكە دەرسكە؟» دېدى. مەن ئۇنى ئۇقمايمەن، سەن بىرسىنى ئورۇنلاشتۇر دېسەم. «سەن دەپ باقە، كىمنى ئەۋەتسەك بولىدۇ؟» دېگەنتى. بىزنىڭ دىرى جورىن دەپ بىر ئۇيغۇر ئايال مۇئەللىم بار ئىدى ئەخلاق دەرسى بېرىدىغان. شۇ مۇئەللىم بېرىپ تۇرسا بوپتىكەن، مەن سەل ياخشى بولۇپ بولغىچە. قارىغاندا مەن 20 كۈن، بىرەر ئاي داۋالانمىسام ماڭالمايمەن مانا. سوراپ باق، مېنى تەكشۈرۈشكىمۇ ھارۋىدا ئېلىپ چىقتى. مەن ھازىر ساڭا گەپ قىلىپ ماندا مىدىرلىساممۇ قېپىۋاتىدۇ بېشىم» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەغەزلەرنى كۆرۈپ، چىقىپ كەتتى. «دەم ئال، داۋالان، ئۇ بۇ» دەيدىغان گەپ يوق. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ، ئۆيگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە بارمىدىم. يولدىشىم «ئەمدى سەن ئاۋۇ يەرگە باردىم، ماۋۇ يەرگە باردىم دەپ، بىر ئىش بولۇپ قالساڭ مەن سېنى باقمايمەن. مەن ساڭا ئىگە بولمايمەن» دېدى قاراڭ «ئىگە بولالمايمەن ساڭا. دەم ئالساڭ قوغلىۋەتسە مەكتەپتىن قوغلايدىكەن ناھايىتى. دەم ئالساڭ ئۆيدە دەم ئال. بارمايسەن مەكتەپكە. ئەگەر بارىمەن دىسەڭ، سەن بىلەن كارىم يوق، چاتىقىم يوق» دېدى. شۇنداق دېگەندىكىن بارمىدىم مەكتەپكە. بارغۇدەكمۇ مادار بارمۇ دەڭا. شۇنىڭ بىلەن 2017 بىر يىل مەكتەپكە بارمىدىم.

2018- يىلى 2- ئايدا يەنە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە، نورمال ئىشقا چۈشمەمدىمەن مەكتەپتە. ئىشقا چۈشسەم، جاھان يەنە پۈتۈنلەي ئاستىن ئۈستۈن ئۆزگۈرۈپ كېتىپتۇ. مەن مەكتەپكە بارغان كۈنۈملا چوڭ يىغىن زالىدا خىزمەت تەقسىماتى ئوقۇتۇرىدۇ بىزگە. يىغىن ئاچىدۇ. سىياسىي ئۆگىنىش دەپ ئەكىردى ھەممىمىزنى. بىر يۈز نەچچە ئادەم بار بىزنىڭ مەكتەپتە. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يەرگە ئەكىرىپ ئوقۇتۇردى. ماڭا بەرگەن جازا ئىكەن ئۇ «قەلبىنۇر سىدىق تۆگبوۋ» دېدى بىرىنچىسىدىلا. ئولتۇردۇم جىم. بىرىنچىسى: خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن رىنشى گەنبۇلۇق ھوقۇقىنى شىگجىيەنجۈن دەپ بىر ئەر تەنتەربىيە مۇئەللىمگە بەردى. (ئاشۇ ئۆتەيدۇ)؛ داگىيەن گۇگزوسىنى لىياگچەن مۇئەللىم ئۆتەيدۇ؛ جاۋيەن زۇجاگلىقنى جىيايەن مۇئەللىم ئۆتەيدۇ. ئۈچ خىتاينىڭ ئىسمى شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە مېنىڭ. چۈنكى ئاشۇنداق تۆگباۋ قىلغان بولغاچقا.

ئىككى سىنىپ خەنزۇ تىلى. بىزنىڭ سىنىپلارنى قانداق قىپتۇ دېسىڭىز ئاڭغىچە، خىتايلار بىلەن قوشۇۋېتىپتۇ. مەسىلەن: بەشىنچى يىللىق تۆت سىنىپ بولغان بولسا، خىتايلار بىلەن ئارلاشتۇرۇپ قوشۇپ، بىر ئۇيغۇر قىز، بىر خىتاي بالا، بىر ئۇيغۇر بالا، بىر خىتاي قىز. ئاشۇنداق ئولتۇرغۇزۇپتۇ ئوقۇغۇچىلارنى. ئاشۇنداق قوشۇۋېتىپتۇ باشتىن ئاخىرى ھەممىنى. بىزگە دەرس يوققۇ ئۇنىڭدا. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا كىرىدىغان دەرسلەرنى خىتاي مۇئەللىملەرنىڭ ئىشى چىقىپ قالغان ۋاقىتتا، بىر يەرلەرگە بېرىش بولۇپ قالسا، رۇخسەت سورىسا بىز ئۆتىدىكەنمىز. بولمىسا بىز دۆجۇرنىخانىدا بوۋئەنلەرگە ياردەملىشىپ، شۇ يەردە ئىشلەيدىكەنمىز. ماڭا شۇنداق جازا بېرىپتۇ. گەپ قىلمىدىم مەن، نېمە دىيەلەيمەن ئۇ يەردە. ھېچنىمە دىيەلمەيمەن. چۈنكى ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىغاچقا، كامپىغا ئەۋەتمىگىنىڭگە خوش - دە مەن. ئىككىنچىسىگە بىزنىڭ بىر ئىلمى مۇدىرنى ئوقتۇردى. شۇنداق قىلىپ بىز 12 مۇئەللىمنى شۇ يەردە ئوقتۇرۇپ، ئېلان قىلدى. ئۇ 12 مۇئەللىمنىڭ ھەممىسى مەكتەپنىڭ موھىم - موھىم يەرلىرىدە ئىشلەيدىغانلار بۇلار. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى بىكىتىپ بولۇپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئىشخانىسىغا چاقىردى. چاقىرىپ:«بۈگۈندىن باشلاپ سەن ئىلتىماس يازىسەن. پېنسىيەگە چىقىسەن. ئۇنتۇپ قالما ئىلتىماسىڭغا <زىيەن شىگچىڭ> دەپ ياز دەيدۇ تېخى، ئۆزلىكىمدىن ئىلتىماس قىلغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ يازىدىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن دېدىم:«مېنى دەرس ۋەزىپىلىرىمدىن ئېلىپ تاشلىدىڭ، گەپ قىلمىدىم. مەن ھېچنىمە دېمەيمەن. چۈنكى مەن راست ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىيالمىدىم. گۇناھ مەندە، گۇناھىمنى تونىدىم، بىلدىم. مەن سەندىن ئىلتىماس قىلىمەن (ئەمما يىغلىمىدىم ئۇ يەردە) مەن يەنە ئىككى يىل خىزمەت قىلسام 30 يىل توشىدىكەن. 30 يىللىق ستاژ بىلەن مەن پېنسىيەگە چىقاي، بوپتۇ مەن بوۋئەنلىك قىلساممۇ قىلاي،» دېدىم ھەتتا ئۇ خىتايغا (خەپ نىجىس خىتاي دەپ كەتتىم). شۇنىڭ بىلەن:«ياق، بولدى، سەن ئەمدى ئويلىما. ئىلتىماس ياز دېگەندىكىن ئىلتىماس يېزىپ ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت. قانداق قىلساڭ قىلىپ، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت» دېدى.

28 يىل مەن ئۆچ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپتىمەن شۇ مەكتەپتە. شەنبە يەكشەنبەم يوق. بىز تېلېيۇن ئۇرسىلا ئۇچۇپ كېلىمىز. تاشلايمىز ئۆي، بالا ھەممىنى. تەتىلدە باشقا مۇئەللىملەر دەم ئالسا، بىز داڭگەننى رەتلەيمىز. يەنە بىر نەرسە بار دېسە بارىمىز. شۇنداق قىلسام ئاخىرى ئاۋۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىدىڭ دەپ ھەممىنى نۆل قىلىپ مېنى:«سەن ئۇنداق گەپ قىلما، بولدى، بولدى، ئىلتىماس يېزىپلا قايت، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھە دەپ، ئىشخانىغا كىرىپ ئىلتىماسنى يېزىپ ئەكىردۇق. ئاشۇ 12 مۇئەللىمنىڭ ھەممىمىز يېزىپتىمىز. ئاشۇ 12 مۇئەللىمنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇنداق قىلىۋەتتى. ئەكىرسەك، بىزگە گەپمۇ يوق، سۆزمۇ يوق، ماندا بىر قاراپمۇ قويمىدى بىزگە. تارتمىسىدىن تامغىسىنى ئېلىپلا، تامغىنى بېسىپلا، «تۇ يۆ تىچەن تۆيشو» دەپ يېزىپلا «قايتىڭلا بولدى. بىز بۇنى ئۆزىمىز تەستىقلاپ، سىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن 2018-يىلى 2- ئايدا مەجبۇرىي ئۆيگە قايتۇرۇلدۇم. پېنسىيەگە چىققان بولدۇم.

2018-يىلى 5- ئاينىڭ 20 سى يەنە كەلدى ئۇقتۇرۇش. يەنە مەجبۇرىي بېرىپ ئۆزۈك سالغۇزدۇق. 2019- يىلى بۇ ياققا مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، 5- ئاينىڭ 5- كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم (بايا تۇغۇلغان كۈنۈمنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن 1969- يىلى 5- ئاينىڭ 5- كۈنى تۇغۇلغان. 1990- يىلى 9- ئاينىڭ -كۈنى10 خىزمەتكە قاتناشقان. 2018- يىلى 2- ئاينىڭ -10 قوغلاندىم. مەجبۇرىي پېنسىيەگە چىقىرىلدىم.) 5- ئاينىڭ 20 سى بولغاندا ماڭا مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدى. ئوپېراتسىيە بولۇپ بولغاندا، ئۇ يەردە بىر دوختۇر سېستىرا بار، قولىمىزغا تامغا ئۇرۇپ بىر قەغەزنى بېرىدۇ. چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئاھالىلەر كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇر تەپتارتماي ماڭا قەغەزگە تامغا ئۇرۇپ بەرگىچە:«سەندىن قان بەك جىق چىقىپ كەتتى جۇمۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن گەپ قىلماي قەغەزنى ئېلىپ، ئاران تەستە قايتىپ كېلىپ، تېڭىپ يېتىپ كېلدۇم.

بىزگە بۇ ئۇقتۇرۇشلار 2017- يىلى 4- ئاينىڭ 20 سى چۈشكەن تۇنجى قېتىم. بۇ ئۇقتۇرۇش نەدىن چۈشكەن دېسىڭىز، ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ گۇرۇپپىمىز بار ئۇندىداردا. مەسىلەن، بىزنىڭ ئۇ قورۇدا 20 نەچچە بىنا بولسا، 4-، 5-، 6-، 7- بىنالارنى بىر قىز بالا باشقۇرۇدىكەن. بىر بوخۇگەن بار، بىر مىنجېك ساقچى بار، بىزگە مەسئۇل. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئاھالىلەر توپىمىزغىلا ئۇقتۇرۇدۇ بۇلار. ئاشۇ ئۇقتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپتۇ 4- ئاينىڭ -20 كۈنى چۈشكەن ئۇقتۇرۇش ئۇ. مەن 2017، 2018، 2019- يىللاردىكى ئۇقتۇرۇشلارنىڭ تېلېپۇنۇمدا بارلىرىنى يۇيۇپ تازلىۋېتىپ، يېڭى تېلېپۇن ئېلىپ چىقتىم بۇ ياققا. چۈنكى بىزگە ئۇقتۇردى، «بەك قاتتىق تەكشۈرىدىكەن، يېڭى تېلېپۇن ئالماشتۇرۇپ ماڭسەن»دەپ بىزگە مائارىپ ئىدارىسىدىنمۇ شۇنداق ئۇقتۇرغان، يولدىشىممۇ شۇنداق دېگەن «تېلېپۇنىڭنى ئالماشتۇرىۋەت» دەپ. شۇڭا ئۇ ئۇقتۇرۇشلار يوق مەندە.

مەن موشۇ يەرگە 2019- يىلى ئوپېراتسىيە قىلىپ چىققان ۋاقتىمدا (2020- يىلىمۇ بوپتۇ ئاشۇ ئۇقتۇرۇش) بىزگە باشتا 18 ياشتىن 50 ياشقىچە دەپ ئۇقتۇرغان. 2019غا كەلگەندە 18 ياشتىن 59 ياشقىچە دەپ توققۇز يىل كەينىگە سۈرۈپتۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشنى مەن 2020- يىلى موشۇ گوللاندىيەدىكى ۋاقتىمدا كۆردۈم. شۇڭا ئۇ ئۇقتۇرۇش مەندە بار، ساقلاپ قويغان ئۇنى. ئاھالىلەر كومىتېتى بىۋاستە ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ ئۇقتۇرۇشنى 4- ئاينىڭ 20 سى ئۇقتۇرغان ئىدى. 7- ئايغىچە تۈگىتىش كېرەك. بىز يەنئەنلۇ ئەنجۇ ئولتۇراق رايۇنى، يەنە باشقا يەتتە سەككىز ئولتۇراق رايۇنىنى چاڭلويەندىكى بىر ئامبۇلاتورىيەگە بۆلگەن ئىكەن. بۇلار ئاشۇنداق بۆلۈۋېتىدىكەن ئايرىم - ئايرىم. ئاشۇ بويىچە بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزگە نۆۋەت كەلگۈچە 5- 6- 7- ئايلار بولۇپ كېتىدىكەن. مەن 5- ئاينىڭ ئاخىرى (كۆن ئىسمىدە قالماپتۇ) بېرىپ، ئۆزۈكنى سالدۇردۇم.

مەن 2017- يىللار كامپىدا دەرس ئۆتىۋاتقان تۇرسام، ئەتىگەندە بېرىپ كېچىدە كېلىپ، بىزنىڭ دەم ئېلىشىمىز يوق، ھېيت بايرام يوق كۈندە بارغاندىكىن ئۇ يەرگە. 2017- يىلى بىر قېتىم ئۆزۈك سالدۇردۇم. 5- ئاينىڭ ئاخىرى بۇنى سالدۇرغان ۋاقتىم. ئۇ ۋاقىتتا مەن بارغاندا ئۆچرەت بولۇپ كېتىپتىكەن. خۇددى قويلارنى سويسا ئۆزىنىڭ سويىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قويلارغا ئوخشاش. پۈتۈن قىز- ئاياللار ساقلاپ تۇرۇپ كېتىپتىكەم ئۆچرەتتە. يېرىم كۈندە ئاران تەككەن ئىدى ماڭا ئۆچرەت. ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ۋاقىت يېتىشمىگەن بولغاچقا، مەن ئۇ كامپىدىن قايتىپ كەلسەم كەچ بولۇپ كېتىدۇ. بۇلار بەش يېرىمدا ئىشتىن چۈشىدىكەن. ئەتىگەن 7 دىن 40 تا ئىشقا چۈشىدىكەن. ئاشۇنداق بولغاچقا مەن ئۇلاردىن سورىدۇم، ئۇلارغا ئۇقتۇرۇشنى كۆرسەتتىم. بىزنىڭ باشلىقىقا دېسەم، يېرىم كۈن (ئۇلار ئۆزىنىڭ كامىرلىرىدا ئولتۇرىدىغۇ، سىرىتقا چىقالمىغاندىكىن) رۇخسەت ئېلىپ بارسام، شۇنداق ئۆچرەتتە ماڭا يېرىم كۈندە ئاران تەككەن ئۇ ئۆچرەت. ئۆزۈك سالدۇرغان 2017-يىلى بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغۇ دەيمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قىز- ئاياللار كامپىسىغا بارغان ۋاقىتتا ئادىتىم

توختىماي، ئۇ ئۆزۈكنى ئالدۇرىۋەتتىم. 2018- يىلى 5- ئايدا، يەنە كەلدى ئۇ ئۇقتۇرۇش، تېلېفۇنىمىزدىكى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ گۇرۇپپىسىغا. «ئەگەر بۇ خىزمەتكە ماسلاشمىسىڭىز، ئۆزۈك سالدۇرغىلى بارمىسىڭىز، سىز ساقچىخانىغا بېرىپ تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇرىسىز» دەپ ئۇقتۇرۇش بار. شۇنداق بولغاچقا مەن 2018- يىلدا (2017- يىلىمۇ كىرىپتىمەن ئىشخانىغا) ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى مەسئۇل كادىر قىزنىڭ يېنىغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى (ئۇلاردا بار ئەمەلىيەتتە) يەنە ئۆزۈمىزنىڭ «ئۆزبەكلەر جەمىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى» دەپ ئايرىم بىر كېنىشكەم بار ئىدى. ئۇنى ئالدىم، «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر» دېگەن كىنىشكەمنى ئالدىم. ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھاجىرلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئىدىم. ئۇنى ئالدىم. مېنىڭ بىرلا قىزىم بولغاچقا، بىر پەرزەنتلىك بولغانلارغا ھۆكۈمەتتىن مەخسۇس بەرگەن كىنىشكە بار:«پىلانلىق تۇغۇتتىكى شەرەپ گۇۋاھنامىسى» دەپ. ئۇ بار. ئۇنى ئېلىپ، كىردىم ئىشخانىسىغا، تۆتىنچى قەۋەتتە ئۇ ئىشخانىسى شۇ قورۇنىڭ ئىچىدە. كىرىپ دېدىم: « مەن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى (2017 –يىلى كىرىپتىمەن راست. 2018 پېنسىيە كىنىشكەمنى كۆتۈرۈپ كىرىپتىمەن. ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان كىنىشكەمنىمۇ كۆتۈرۈپ كىردىم.) منداق، مانداق ئىشلىدىم. مېنىڭ مانا موشۇ بىرلا قىزىم بار. مەن ئەمدى تۇغمايمەن، ھەم تۇغالمايمەن. ئۆتكەن يىلى 2017- يىلى ئۆزۈك سالدۇرغان بىلەن مانداق مانداق بولۇپ، ئۆزۈكنى ئالدۇرىۋەتتىم، خەۋىرىڭىز بار. مېنىڭ ئادىتىم توختىمىدى. ئەمدى مەن ئۆزۈك سالدۇرماي. موشۇلارنى كۆرۈپ، تەستىقلاپ بىرەمسىز، خەت قىلىپ بىرەمسىز. مەن ئۆزۈك سالدۇرسام بەرداشلىق بىرەلمەيمەن. كۆتۈرەلمەيمەن. ھەم تۇغمايمەن. قەغەزگە قول قويۇپ بەرسەممۇ بولىدۇ. ئەگەر مەن خىلاپلىق قىلىپ تۇغۇپ قالسام، نېمە جازا بولسا مەن رازى ئۆتەشكە. قول قويۇپ بىرەي» دېسەم. بۇ قىز:« ۋاي قەلبىنۇر ھەدە، سىزنى بىز ئوبدان بىلىمىز. بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، بۇ يۇقىرىدىن چۈشكەن بۇيرۇق. سىز بۇنى بىزگە ئەمەس، ساقچىغا دېيىشىڭىز كېرەك، بۇنى ساقچىخانىغا بېرىپ قىلىسىز. بىزگە ئامال يوق. نەگە ئاپارسىڭىز ئاقمايدۇ بۇ كېنىشكىلىرىڭىز» دېدى. «ئاقمامدۇ؟» دېسەم. «ھەئە» دېدى. ئۇنداقتا چوقۇم سالغۇزامدىمەن دېسەم، ھەئە دېدى. 2017 كىرگەن ۋاقتىمدىمۇ ئاڭلىمىغان ئىدى ئۇلار. «ياق ھەدە، ياق، ئۇنداق گەپنى قىلماڭ. سالغۇزمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ يەردىن چاققان چىقىڭ» دەپ مېنى قوغلىۋەتكەن ئىدى. 2018 يىلى چۈشەندۈردى ماڭا. ئۇنداق بولسا بولدى. ساقچىخانىغا بېرىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىكەن دەپ ، يېنىپ كىردىم.

2018- يىلى يەنە 6- ئايلاردا، 6- ئاينىڭ 10 لىرىمىكىن، ئىككىنچى قېتىم سالدۇردۇم يەنە ئۆزۈكنى. ئىككىنچى ئېيىدا يەنە شۇنداق ئېغىز-پەس بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايدا يەنە شۇنداق بولۇپ كېتىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ، باشتا ياتقان دوختۇر ئايالنىڭ قېشىغا كىرىپ:«مەن ئۆزۈك سالدۇرسام، موشۇنداق بولۇپ كىتىۋاتىدۇ. يەنە ئادىتىم توختىمىدى» دېسەم، «ياق، سىزگە ياقمايدىكەن. ئۆزۈكنى ئالدۇرغىنىڭىزنى دېمەڭ. دېسىڭىز بۇلار مېنى تەكشۈرۈشى مۇمكىن. سىزگە ياقمايدىكەن بۇ» دەپ شۇ يەردە ئېلىۋەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ساقايدىم. مەن بۇنى دېمىدىم. دېمىسەم، 2019- يىلى يەنە كەلدى بۇ ئۇقتۇرۇش. نېمە ئۈچۈن 2019- يىلى 5- ئايدا كېلىدۇ بۇ ئۇقتۇرۇش دەڭا؟

5- ئاينىڭ 5 ى تۇغۇلغان كۈنۈم بولغاچقا، 2019- يىلى مەن نەق 50 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان خاتىرە كۈنۈم. 5- ئاينىڭ 20 سى بولغان ۋاقىتتا ئۇ قىزبالا يەنە ماڭا ئۇقتۇردى:«قەلبىنۇر ھەدە، بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. ئەمدى سىلەرنى بېرىپ تۇغۇت چەكلەش ئوپراتسىيەسى قىلدۇرۇڭلار دەيدۇ» دېدى. شۇنداق دېگەن ئىدى تاس قالدى قولۇمدىن تېلېفۇن چۈشۈپ كەتكىلى. مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. «ۋاي ئۇكام، بىز ئەمدى 50 ياشقا كىردۇق. نېمە دېگەن گېپىڭىز بۇ. مەن سىلەرگە دېدىمغۇ، ئىمزا قويۇپ بىرەي، قانداق قىلساڭلار مەن رازى ئۆتەشكە، ئەمما مەن ئۇنى قىلالمايمەن» دېسەم، « ياق، ئۇنداق بولسا سىز باخولىياڭ ساقچىخانىسىغا بېرىپ، بىزنىڭ مەسئۇل ساقچى لىۋىنجاڭ (ئىسمىمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كەتمىدى ھازىرغىچە) دېگەن ساقچىغا بېرىپ دەڭ» دېگەن ئىدى. «مەن ئۇنىڭغا دېسەم ئاقامدۇ» دىسەم، « ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش دەيدۇ. بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. بۇنى قىلمىسىڭىز بولمايدۇ» دېدى. «زادى بولمامدۇ قىلمىسام؟» دىسەم، بولمايدۇ دېدى. يەنە چاڭلويەنگە باردىكەنمىز. چاڭلويەنگە بارسام يەنە شۇنداق ئادەم جىق ئۆچرەت. شۇنداق قىلىپ كىرسەم دوختۇر ئۆيىگە، بىر سېستىرا بىلەن بىر دوختۇر بار ئىكەن. ئۇ دوختۇر چوڭ، پىشقەدەم دوختۇر ئىكەن. مانداق قاراپ، «پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنمىدىكى» دەپ ئويلاپ قالدىم. يا شۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارمۇ بىلمىدىم. «كارۋاتقا چىقىپ يات» دېدى. كارۋاتقا چىقىپ ياتتىم. شۇنىڭ بىلەن، «ئاغرىمايدۇ، ئۆزۈڭمۇ بىلمەيسەن، سېزەلمەيسەن، ئاغرىمايدۇ. ئۆزۈك سالدۇرغاندەك ئەمەس، بىر ئاز ئاغرىشى مۇمكىن، ئەمما سېزەلمەيسەن» دەپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغان ئىدى. (مەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان باشقا يەرلەرگىمۇ بۇنچە تەپسىلاتنى دېمىگەن ئىدىم.) شۇنىڭ بىلەن كارۋاتقا چىقىپ ياتتىم. ئاسما ئاسىدىكەن، ئوكۇل ئۇرۇدىكەن. ئوكۇل ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇقمۇدۇم راست،

قانچىلىك ۋاقىتتا تۆگىگىنىمنى ئۇقمايمەن. بېرىم سائەتتىمۇ، بىرسائەتتىمۇ بىلمىدىم. «تۆگىدى، ئەمدى قويساڭ بولىدۇ» دېدى. قويسام قوپالمايمەن بېشىم قېيىپ. «بېشىم قېيىپ كەتتى» دېسەم، «سەندىن قان بەك جىق چىقىپ كەتتى» دېدى، غەم تارتماي، خىيالىغا كىرىپ چىقماي شۇنداق دېدى. شۇنىڭ بىلەن تامغىنى ئۇرۇپ بەردى. قانداق چىقىپ، ئۆيگە قانداق كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. ھازىر ئويلىسامىمۇ قانداق ماڭغاندىمەن، ماشىنا توسۇپ، بىلمەيمەن ھازىر. ھوشۇمدا بارمۇ يوقمۇ بىلمەيمەن. شۇنىڭ بىلەن تالاغا چىقماي، ئۆيدە دەم ئالدىم، ياتتىم. بىر ھەپتىدە ماياققا كېلىدىغانغا ماڭمىسام بولمايدۇ قىزىمنىڭ يېنىغا. شۇنچىلىك تاقىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشلىرىمنى پۈتتۈپ، ئوپېراتسىيەنىمۇ قىلدۇرۇپ، بۇ قەغەزنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇ قىزنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنىمۇ ياخشى ئورۇنلىغان بولۇپ، 2019- يىلى 9- ئاينىڭ 15- كۈنى ھەممە ئىشىم پۈتتۈپ، پاسپورتنى قولۇمغا ئالدىم.

نېمە دەيسىز بۇ ئازاپلارغا، قايسى بىرسىگە ئۇف دەيسىز، قايسى بىرىسىنى سۆزلەيسىز. موشۇ جەريانلاردا يەنە قانداق ئىشلار بولۇپ كەتتى دېسىڭىز: 2017- يىلى دەرسكە كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ، بىر جېنىمىزنى ئون قىلالماي يۈرگەن ۋاقىتلىرىمىزدا، بەشىنچى ئاي نۇرمالدا بىزنىڭ ئۇ ۋەتەندە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى». بىز بۇرۇندىنلا بەشىنچى ئاي ۋاقتىدا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار، مۇئەللىملەر بىرلىكتە پائالىيەت قىلىپ، رەسىمگە چۈشۈپ «مىنزۇ تۈەنجې يۆ» قىلاتتۇق دە، مەخسۇس دەرسلەرنى چاپلاپ، شۇنداق پائالىيەتلەرنى قىلىپ، سايباغ رايۇنلۇق مائارىپ ئىدارىسىغا، گېزىتلارغا ئەۋەتەتتۇق. نۇرمالدا ھەر يىلى بار شۇ بەشىنچى ئايدا.

2017- يىلى 5- ئايغا كەلگەندە بۇ ئۆزگۈرۈپ «قوشماق تۇغقان» بولدى. قوشماق تۇغقان قىلىپ بەردى بىزگە. مېنىڭ تۇغقۇنۇم كىم ئىكەن دېسىڭىز، مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىدارە باشلىقى ئىكەن. شۇنى ماڭا تۇغقان قىلىپ قويۇپتۇ. شۇ بەشىنچى ئاينىڭ بېشىدا، ئۈچ ئايدا بىر كەلگەن. باشتا كەلگەندە ئايالىنى، بالىسىنى ئېلىپ كەلگەن. بىر ھەپتە تۇرغان بىزنىڭ ئۆيدە. بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەڭ ئوخشىغان تاماقلارنى ئېتىمىز. بىز بىلەن تەڭ تاماق ئېتىشنى ئۆگۈتىدۇ. تاماقنى بىللە يەيمىز، بىللە ئۆگۈنۈش قىلىمىز. بىللە ساياھەت قىلىمىز. بىللە ياتىمىز. بۇ ھۆكۈمەت، ئېپلاس خىتايلارغا ئاسانلىق يارىتىپ، كامپ ئىچىدىكىلەرنى تېخى ئاشۇنداق ھەر خىل شەكىلدە ئازاپلاپ، قىيناپ، ئۆلتۈرۈپ، دەپسەندە قىلىپ، باسقۇنچۇلۇق قىلىپ. كامپ تېشىدىكىلەرنىمۇ خاتىرجەم بولمىسۇن دەپ ھۆكۈمەت خىتاي ئەرلەرنى ئۆيلەرگىچە ئاشۇنداق، گەپنىڭ سەتىنى دەۋەتسەم. ئۇ گەپنىمۇ دەۋرەي، ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدىمۇ دېمىگەن سەت گەپلەرنىمۇ دەۋېتىپ بارىمەن ھازىر.

«ھېلىقى ئەر تۇغقانلارنى ئاياللارغا ئەكىلىپ سولاپ بەردى ئۆيگە» ئۇنى ئەكىرىپ بەرگەننى ئاز دەپ، ھۆججەتنى بار تېخى ئۇلارنىڭ، دەپتىرى بار قولىدا. بىر ھەپتىدە قانداق قىلدۇق، قانداق قىلدۇق ئىمزا قويىشىمىز. بۇ ھۆججەتتە نېمە بار دېسىڭىز «بەشتە بىللە بولۇش» بار: بىللە تاماق ئېتىش، بىللە تاماق يېيىش، بىللە ئۆگۈنۈش قىلىش، بىللە سەيلە قىلىش، بىللە يېتىش. بۇ خىتايلار مانا موشۇ «بىللە يېتىش» دېگەنگە ئېسىلىۋالىدۇ. ياخشى، مېنىڭ تەلىيىمگە ئېرىم بار. بىللە ياتساقمۇ بىر ئىش قىلالمايدۇ. مەن بۇ ئىككىسىگە بىللە سېلىپ بىرىمەن ئورۇننى. ئۆزۈم ئاۋۇ ياتاق ئۆيدە ياتىمەن. ئاشۇنداق قىلسامىمۇ بۇ خىتاي بىر ئەمەس، قانچە قېتىم دېدى: «سەن مېنى ياخشى كۆتمىدىڭ. سەن ماڭا ياخشى ھوزۇر بەرمىدىڭ. سەن مەن بىلەن بىللە ياتمىدىڭ» دېدى. نەچچە قېتىم شۇنداق دېدى. مەن ئاندىن بېپەرۋالام: «ئىككىڭلار بىلەن بىللە ياتاي دېسەم، خورىكىڭلار بەك قاتتىق ئىكەن، ئۇخلىيالمايدىكەنمەن، توغرا چۈشەن» دېدىم. شۇنداق دەپ باقتىم.

بۇ ھاراق ئىچىدىغۇ بۇ خىتايلار دائىم، سەيلەرنى قورۇپ. مەن دائىم ئۆيدىكىگە دەيمەن «چاندۇرماي ئازىراق ئىچىڭ، مەس بوپ قالماڭ، ئازىراق ئىچىڭ مەس بوپ قالماڭ» دەپ ئەسكەرتىپ تۇرىمەن. ئۇ«ۋاي بىر چىداپ تۇرە، ھېچنېمە بولمايدۇ» دەيدۇ. «مەس بوپ قېلىپ، بىر ئىش بولىدىغان بولسا ...» دەپ شۇنداق دېسەم، «سەن نېمە دەۋاتىسەن» دەپ ھەيران قالىدۇ. «سەن نېمە دەۋاتىسەن ئېرىڭغا» دەپ. ياق، مەن ئېرىمغا ياخشى كەيپتە ئىچىڭ دەپ گەپ قىلىپ قويىمەن دەيمەن. بۇ خىتاي، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قانداق قىلىدۇ دېسىڭىز، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ ئولتۇرىدۇ. كۆسىرى بار موشۇنچىلىكلا كالتا. ئاشۇنداق ئولتۇرىدۇ. «مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرە» دەپ ئېسىلىپ، قۇچاقلاپ، «سەن بەك چىرايلىق - ھە، مەن سېنى سۆيىۋالاي. سەن تاماققا بەك ئۇستا -ھە» دەپ ئاشۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ تۇرىدۇ. ماندىق قاراپ كېتىمەن يولدىشىمغا. ئۇمۇ ھاراق ئىچىپ كېتىدۇ. بەلكى ئۇمۇ ئىلاجسىزمۇ، ياكى بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن، «مەن مانىڭ ئېرى. بىزدە ماندىق ئەرلەر ئولتۇرسا، ئەرلەر ماندىق قىلسا بولمايدۇ قارا، مەسىلەن، سېنىڭ خوتۇنىڭغا مەن چېقىلسام سەن چىداپ تۇرالامسەن» دېمىدى ئاشۇ. يا ئۇنىڭ ۋىجدانىنى، غورۇرىنى ئىت يەپ كەتتىمۇ ئۇقمايمەن ئەمدى.

ئاشۇنداق، شۇ دەرىجىدە بولۇپ كەتتىمغۇ مەن. بىر نەچچە قېتىمغۇ، بىر قېتىم ئۇ بەك قاتتىق مەس بوپ كەتتى. ماڭا ئېسىلىۋېلىپ، «بۈگۈن مەن بىلەن ياتىسەن» دەپ تۇرىۋالدى ئۇ خىتاي. شۇنىڭ بىلەن يولدىشىمغا دېدىم: «سىز هاراقنى جىق ئىچىپ مەس بولۇپ قېلىپ، ماۋۇ ماڭا چېقىلىدىغان بولسا، ئالدى بىلەن ماۋۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزۈم ئۆلىۋالىمەن. ئىككى ئۆلۈم چىقىدۇ ماۋۇ ئۆيدىن» دېدىم. شۇنداق دېسەم: «سەن ساراڭ بوپسەن، سەن كاللاڭدىن كېتىپ قاپسەن، سەن قانداق ئوقۇتقۇچى، لەقۋا، هەي ساراڭ. سەن چىدىساڭ بىر هەپتىگە ئۆلمەيسەن. ئەمدى چىداپ تۇر، هېچنىمە بولمايدۇ» دەيدۇ. نېمە دەيمىز ئەمدى. هېچنىمە بولمامدا؟ شۇنىڭ بىلەن مەن ئاندىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ياتقۇزۇپ، ئاندىن ئانىڭغا گەپ قىلىپ ياتقۇزۇپ، ئۆزۈم يېنىدا ئۇخلاپ ئولتۇرۇپ، «ياتمامسەن» دەپ ئېسىلىپ كەلسە «سەن ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ياتاي، مەن ماۋۇ پۇراققا چىدىمايدىكەنمەن، هاراقنىڭ پۇرىقىغا» دېدىم.

«بىز بىلەن بىللە ئىچىسەن» دەپ تۇرىۋالىدۇ. قويۇپ بېرىمەن دەيمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ نېمە قىلسا، مەن قاراپ تۇرۇپ بېرىمەن موشۇنداق چىداپ، هە دەپ. «ئەي ئاللا، ئەي خۇدا، موشۇ ئىپلاسنى بىر كۆتۈرىۋەت» دەپ مىڭ قېتىم دەيمەن. «خۇدايىم، كۆرۈۋاتامسەن موشۇ ئىشلانى» دەپ كېتىمەن نالە قىلىپ. ئانىڭدىن كېيىن تاماق ئەتكەن بولسام، قېشىمغا چىقىدۇ. سەي توغراۋاتسام يېنىمغا كېلىۋالىدۇ:«ماڭا توغراشنى ئۆگۈتۈپ قوي» دەپ «هەي سەن مانداق قارىساڭ ئۆگۈنىۋالىسەن» دېسەم، «قولامدىن تۇتۇپ توغرايسەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ توغرىشىمىز كېرەك. سەي قورۇساق، «ماڭا ئۆگۈتىسەن» دەيدۇ. چۆمۈچنى ئاشۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سەي قورۇشىمىز كېرەك. تاماق قىلىۋاتسىڭىز سىزگە ئېسىلىۋالىدۇ، چىدىشىڭىز كېرەك. سىزنى سۆيگىسى كېلىپ كەتسە سۆيىدۇ، چىدىشىڭىز كېرەك. نەچچە قېتىم مىنى سۆيۈپ شۇنداق تۇرىۋالغان ئىدى. مەن چاقىردىم ئانى:« ئۆلدۈڭمۇ سەن، بارمۇ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتىم. شۇنداق دېسەم:«سەن ماڭا موشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ، خاتىرىگە يازىمەن جۇمۇ» دەيدۇ. شۇنداق دېگەن ئىدى:«ياق، مەن ئانىڭغا، كىرىپ قارىشىپ بەرمەمسەن دېدىم. مەن ساڭا مانداق قىلدى دەپ ۋارقىرىمىدىم. خاپا بولما» دەپ تۇرىمەن. يەنە تېخى تاماق يەۋېتىپ تۇرۇپ، كەيپىياتىڭىز شۇنداق ياخشى بولغاندا ناخشا ئېيتقۇزىدۇ. يولدىشىم ناخشا ئېيتىدۇ. مەن ئۇسۇل ئوينىشىم كىرەك. بۇ چاۋاك چېلىپ بىزنى كۆزىتىدۇ.

ياخشى كەيپىياتىڭىز بار ۋاقىتتا بۇ خىتاي سىزدىن گەپ سورايدۇ:«هە راست، مەن سوراپ باقاي، سىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىلەرغۇ- هە؟ سەن ناماز ئوقۇپ باققانمۇ؟ سەن مانداق ياغلىق چەگمەمسەن» دەپ. «بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز بىزگە ئۆگەتمەپتىكەن قارا. ئىسلام دېنى دېگەن بىلەن، ئاتا ئانىمىزمۇ ناماز ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. بىزگىمۇ ئۆگەتمەپتىكەن. مەن ياغلىق چېگىشنىمۇ ئۇقمايمەن. ئۇ قانداق مەن بىلمەيمەن» دېسەم، «ئۇنداق بولسا ماندىق ناماز بىر نېمە قىلمامسەن؟» دەيدۇ. «ياق، بىلمەيمەن، قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا پەن ئۆگۈتىمىز، دىن ئۆگەتمەيمىز» دىسەم، يەنە هەر گەپ ئارلىقىدا: «هەر جۈمە كۈنى ئەرلەر مەسجىتكە كېلىدۇ. سېنىڭ بۇ ئېرىڭ مەسجىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغاندۇ هەقىچان؟» دەيدۇ. «ياق، بۇ هاراق ئىچىۋاتىسا، ناماز ئوقۇمدۇ، ياق. ناماز ئوقۇشنى بۇمۇ بىلمەيدۇ» دەپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە «هەي تۇرسۇن، سېنىڭ بۇ خوتۇنۇڭ <فەنىيك كۆەيدىخىك> ئىنكاسى بەك تېز هە» دەپ نەچچە قېتىم شۇنداق دېدى. «مەن گەپلا قىلسام شۇنداق تېز دەيدۇ بۇ» دەپ. «ياق ئۇنداق ئەمەس، شۇ، توغرا بولغاندىكىن، توغرىنى دەۋاتىمەن، سەن خاتا چۈشەنمە» دەپ قويىمەن.

ئاشۇنداق گەپ ئارلىقلىرىدا بىزدىن يەنە هەر خىل گەپلەرنى كولايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە قېتىم «سىلەر هازىرقى موشۇ ۋەزىيەتكە قانداق قارايسىلەر؟ مەسىلەن: كوچىلاردا هەممە يەردە ساقچى، هەممە بىكەتتە گاڭتىڭ با، جىڭۋۇزەنلەر با، سىلەرنى ئارام بەرمەي تەكشۈرەيدۇ هەممە يەردە، قانداق قارايسىلەر؟» دەپ نەچچە قېتىم ئاشۇنداق سورىغان ئىدى. مەن:«بۇ بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن ياخشى تۇرسا، هۆكۈمەت بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزنى قوغداپ موشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مەن ئاشۇنداق ئويلايمەن. بىز كەچ قالساق كېلەلمەيتۇق قورقۇپ. هازىر كەچ قالساق هەممە يەردە قوغدايدىغان ساقچىلار، خاتىرجەم مېڭىپ كېلىمىز بىز» دېسەم، «.... ئىنكاسىڭ بەك تېز هە» دەيدۇ. بۇ ئەر تۇغقان مانا موشۇنداق.

ئۆزۈك سالغۇزۇش بار، ئوپراتسىيە قىلدۇرۇش بار، بۇ بار. موشۇنداق قاتمۇ-قات، قاتمۇ- قات. تۆرمە، كامپ ئىچىدىكىلەر ئۇنداق بېسىم بىلەن، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنىمۇ ئۇنۇتقان، باللىرىنىمۇ ئۇنۇتقان هالدا ئۇلار ئۇنداق بېسىمدا ياشاۋاتىدۇ. تۆرمە سىرتىدىكىلەر«ئۈستى ئوچۇق تۆرمە دەيمىزما» موشۇنداق بېسىم. ئۇ بېسىملارنى ئاز دەپ، قورۇغا كىرسىڭىزمۇ قاتمۇ-قات. قورۇنىڭ تېشىدىمۇ ساقچىلار بار تەكشۈرىدۇ. قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىزمۇ يەنە تەكشۈرىدۇ.

ئۆيۈم بىرىنچى دەيۋەن ئۇچۇنچى قەۋەتتە «كىملىكىڭنى ئالماسەن» دەپ ۋارقىراۋاتقان كىچىك شۇملار، يېڭى خىزمەتكە چىققان شۇملار. كىملىكىڭىزنى كۆرەۋاتقان، تېلېپونىڭىزنى كۆرۈۋاتقان. تاس قالىسىز موشۇنداق خالتىدىن ئىككىنى ئېسىپ، ما كىملىكنى، ما تېلېپونني سالىدىغانغا. دوقمۇش، دوقمۇش، دوقمۇش، دوقمۇشتا تەكشۈرىدۇ. قورۇنىڭ ئىچىمۇ شۇنداق. پات-پات ئۆيىڭىزگە كىرىپ ئۆيىڭىزنى تەكشۈرۈۋاتقان. ئۇ ساقچىلار گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە سەت ئاياقلىرى بىلەن كىرىپ، قۇراللىق تېخى. قىزىل، قولچىراقتەك بىر نەرسىسى بار ئىكەن. مەن كېيىن ئاڭلىسام «مىڭگەن» دەيمىزغۇ، نېمە دەيتۇق ئۇ گەپنى، ھە توغرا، ئاشۇنداق سەزگۈر نەرسىلەر ئۇچراپ قالسا يانىدىكەن قىزىل چىراق. مەسىلەن ئۇ سەزگۈر نەرسىلەر، قۇرئان كىتاب، جاينماز دېگەندەك نەرسىلەرنى تىقىپ قويغان بولسا ئۇچرايدۇ دەپ، ھەممە يەرنى تەكشۈرىدۇ. بىر ئايدا بىر، بىر ئايدا بىر تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئاھالىلەر كومتېتىدىكى كادىرلار بىللە كىرىدۇ ئۇلار بىلەن. ئۇ كادىرلار ئىشكىنىڭ ئالدىدا بىزنى گەپكە تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەممە ئۆيلەرنى، ئاشخانا ئۆيلەرنى، ئىشكاپلارنى ئېچىپ تەكشۈرىدۇ. ھەر ئاي تەكشۈرىدۇ، كېچىلەردە ئىشىكنى ئۇرۇپ تەكشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېچىلەردە يۇگۈرۈپ چىقىپ، چۇشۇپ تەكشۈرۈشلەرنى ئاشۇنداق قىلغاندىكىن قورقۇپ ئۇخلىيالمايسىز كېچىلەردە.

ئۇنىڭدىن كېيىن پات-پات ئۇقتۇرۇشلارنى قىلىپ تۇرىدۇ. «خىزمەتلىرىمىزگە ماسلاشمىساڭلار <باللىرىڭلارنى ئەكىلىپ بېرىمىز> ماسلاشمىساڭلار ساقچىخانىغا بېرىپ تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇرىسىلەر» ئاشۇنداق ئۇقتۇرۇشلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئاڭلايمىز. تەشۋىقات بەك جىق بولۇپ كېتىدۇ. «پالانچىنىڭ باللىسىنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ ئامېرىكىدىن، تۇتۇپ ئەكىرىپ، كامپىدا ئىكەن. پالانچىنىڭ ئېرى پالان يەردە ئىكەن، ئەكىلىپ بېرىپتۇ» دېسە «ھە، بۇ چەتئەلدىنمۇ ئەكىلەلەيدىكەن —دە بۇلار» دەپ ئىشىنىپ قالىدىكەنسىز. بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس، ئۇن قېتىملاپ ئاڭلاۋەرگەندىكىن. بىزدە نېمە دەككە-دۈككە بار دېسىڭىز (شەخسەن مەندە، ئەرلەر ئانچە خىيالغا كىرىپ چىقمامدۇ دەپ ئويلايمەن. مەن قانداق ئويلايمەن شۇ جەريانلاردا دېسىڭىز) 2017- 2018 ۋەھشى ئەۋج ئېلىپ كەتتى بۇ تۇتۇش. پەستە ۋار-ۋۇر، جار-جۇر بولۇپ كەتسە، دەرىزىدىن موشۇنداق قارايمىز، كېچىدە. 11- 12 دە. بېشىقا قارا خالتىنى كىيدۈرىۋاتقان، ئېلىپ كېتىۋاتقان، كېلىۋاتقان، ئېلىپ كېتىۋاتقان. ئاشۇنداق ۋەھشى. شۇنىڭ بىلەن، قاچان بىزنىڭ ئىشىكنى چېكەر دەپ، كېچىلىرى كىيىمنى سالماي ئۇخلايمىز. چۈنكى بىز ئاڭلىغانلىرىمىزدا، ئىچ كىيىم بىلەن، كۆسار بىلەن ئېلىپ كەتكەنلەر جىق بولغاندىكىن، كىيىم سالماي يېتىپ كەتتۇق. ئۆلگۈرەلمەي قالمايلى دەپ. مەن ھەتتا 2018- يىلى نەچچە ئايغىچە ئۆيگە دورا ئەكىلىپ، دورىنى بېشىمغا قويىۋالدىم.

مەن قىزىم بىلەن كۆرۈشەلمىگەندىكىن. بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى ئۇقتۇرۇشلار «باللىرىنى ئەكىلىپ بېرىدىكەن، ئەكىلىپ بېرىدىكەن» دېسە، مەن قانداق ئۇيلايمەن دېسىڭىز. مەسىلەن، ساقچى ئىشىكىمنى چېكىپ قىلغان ۋاقتىدا، دورىنى ئىچىپلا، (ماڭغىچە ئۆلىسىزغۇ دورىنى جىق ئىچىۋالسىڭىز) ئاشۇ قىزىمنى ئەكىلىپ بەرسىمۇ، قىزىمنىڭ ئۇ كامپلاردا ئۇنداق (خۇدايىم ساقلىسۇن، ئاللاھ ئۆز پاناھىدا) ئۇنى كۆرگەندىن ئۆلىۋالغىنىم ياخشى، ئۇ ئازاپنى تارتقاندىن دەپ، بېشىمدىن كەتمىدى ئاشۇ دورا. يولدىشىم قاراپ «ۋاي سەن ساراڭ، كاللاڭدىن كېتىپ قالىدىغان بولدۇڭ، سەن كوچىغا ساراڭ بولۇپ چىقىپ كېتىدىغان بولدۇڭ» دەيدۇ. «ۋاي مەن نېمە بولسام بولىمەن» دەيمەن. يىغلاپ كېتىمەن. قاچان بىزنىڭ ئىشىكنى چېكەر دەيمەن. ۋاي بىزگە نۆۋەت كەلگەنمىدۇ دەيمەن. ئاشۇ دورىنى قۇتىدا ئاغزىنى ئېچىپ تەييارلاپ، ئاشۇنداق تۇرغان نەچچە ئايلاپ. كىيىم سالماي ئۇخلايمىز. دېمەك بىز سىرىتتىكىلەر موشۇنداق ئازاپتا. ئۇ يەردە سىرىتتىكى قىز- ئاياللارنى (بەزىلەر دەيدىكەن) ۋىدىيوغا چىقىرىپ، ناخشىلارنى ئوقۇپ، ئۇسۇللارنى ئويناۋاتقان، ئۇنى قىلىۋاتقان، بۇنى قىلىۋاتقان. ھەممىسى شەكىلگە. بەزى ئۆزلىرىنىڭ ساقچىلىرىنى ئوينىتىدۇ. بەزىلەر ئاشۇنداق ئويناشقا، ئاشۇنداق ئېچىشكە مەجبۇر. چۈنكى ئاشۇنداق ئىچىپ، ئويناپ يۈرسىڭىز، «ھە، بۇ ھاراق ئىچىپ يۈرىدىغان نېمىكەن، بۇ يا تىرىشچان ئەمەس، يا بىزگە تاقابىل تۇرالمايدۇ، بۇ بىر شەكىل تۇتىدۇ» دەپ قېلىپ قالغان، بىر قىسىم شەكىلگە قېلىپ قالغان ئادەملەر ئۇلار.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلار بىر مەزگىل تەشۋىق قىلىپ كەتتى. « بىز كامپىلارنى تاقىدۇق، نۇرغۇنلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇق، نۇرغۇنلارنى قويىۋەتتۇق» دېدى. ئەمەلىيەتتە ساق قويىۋېتىپ چىققانلار يوق. ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئۆلەي دەپ قالغانلارنى تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. ئۇلار چىقىپلا، ھەپتە ئون كۈن بولغاندا ئۆلۈپ كېتىۋاتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم شۇنداق جىقلاپ كەتتى 2017 ۋە 2018- يىلىدا. بۇنىڭ بىرىنى دەپ بەرسەم: 2018- يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرىمىدۇ ئىش قىلىپ، چۈنكى بۇ 5- ئاي مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولغاچقا بەك ئېسىمدە قالىدۇ بىر ئىشلار. شۇ 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىمۇ ئىش قىلىپ، مېنىڭ ئۆيۈم بىرىنچى دەيۋەندە، ئۇچۇنچى دەيۋەندىمۇ، تۆتىنچى دەيۋەندىمۇ

ئۈچۈنچى قەۋەتتىن بىر ئايالنىڭ ئوغلىنى ئەچىقىپ بېرىپتۇ، «ئۆلۈپ قالدى» دەپ. ئادەملەر ھويلىغا كىرەلمەيدۇ. مەن ئۆزبېك، ئاستىمدىكى خوشنام تاتار. مەن چۈشۈپ ئاشۇ خوشنامنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ «يۈرۈڭ، بىز بولساقمۇ چىقايلى» دېدىم. ئايشەم ھەدەممۇ ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى، بىز دەرۋازىلاردا ئۈچرىشىپ قالساق پاراڭلىشاتتۇق ئۇ ئايال بىلەن «ۋاي بالام يوقاپ كەتتى، ۋاي بالامنىڭ ئىز- دېرىكى بولمىدى» دەپ يۈرەتتى. ئۇنى ئاڭلاپ يۈرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن «بىز ئىككىمىز بولسىمۇ چىقايلى» دېيىشىپ چىقتۇق ئۆيىگە، ئۈچۈنچى قەۋەتكە. كىرسەك، ئاھالە كومىتېتىدىن نەچچىسى ئولتۇرۇپتۇ. ۋاي كەل، كەل، كەلدىڭلارمۇ دېدى. ئۇ ئايال يىغلىدى، قاخشىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنى (بىزنىڭ ئۆي «جىگدىلىك مەسجىتكە يېقىن بولغاندىكىن، ئىككى بېكەت ماڭسىڭىزلا نوغاي مەسجىت، بىزنىڭ بىقىنىمىزدا، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە جىگدىلىك مەسجىت) بىز كىرىپلا بىردەمدىن كېيىن «پېشىمگە ئېلىپ چىقىدىكەن» دېيىشتى. ياخشى يەتتە - سەككىز بالا بار ئىكەن. ئۇلار كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى ئۇ بالىنى. ئۇ ئايال يىغلاپ، بىزمۇ تەڭ يىغلىدۇق. چىقىپ كېتەيلى دېسەك ھېچكىم يوق، ئاھالە كومىتېتىدىن ئۈچ قىز بالا، بىز ئىككىمىز. ئولتۇرۇشۇپ بېرەيلى دەپ ئولتۇردۇق. ئېلىپ چىقىپ كېتىپ بىرەر سائەت بولمايلا ياندۇرۇپ ئەكىردى. ئەكىرىپ نېمە دەيدۇ ئۇ بالىلار دېسىڭىز «مەسجىتتە جىنازا ئۈچرەتكەن. ناماز چۈشۈرىدىغانغا ئۆچرەت تەگمەپتۇ ئۇ بالىغا» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالمۇ شۇنداق يىغلاپ كەتتى. ئاخىرى بۇ بالىنى ئۆيدە يۇيدىمۇ، يۇيمىدىمۇ ئۇقمۇدۇم (ئۇ بالىلار نېمە بىلىدۇ ئوقۇش يۇيۇشنى) شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىلار نامىزىنى ئۆيدە چۈشۈرگەن بولدى. ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئايال بەك يىغلاپ كەتتى. ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى ئۇ كادىر قىزلارمۇ يىغلىدى. شۇنداق قىلىپ يىغلاپ يېنىپ چىقتۇق. شۇ يىل 2017 بولۇپمۇ 2018 بەك جىق بولۇپ كەتتى بىر يىل. مەن ھېچ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن «مەسجىتلەردە جىنازا ئۆچرەت بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆچرەت تەگمىدى» دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. موشۇنداق پاجىئەلەر بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن 2018- يىلى 4- ئاينىڭ ئاخىرى. مېنىڭ يولدىشىم ئىشلەۋاتقان شىركەت خىتايلار ئىشلەيدىغان چوڭ شىركەت ئىدى. پۈتۈنلەي قۇرۇلۇش زاپچاسلىرى، بىنالارنىڭ كوكشۇگبەن دەپ قويىدىكەن، كېسەك. شۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان يەر. بۇلار قىشتا دەم ئالىدۇ. مەسىلەن: ھەر يىلى قىشتا 11- ئاينىڭ 20 سى دەم ئالىدۇ. 4- ئايدا ئىشقا چۈشىدۇ. قىشتا نورمال ئىش قىلالمايدىكەن. چۈنكى ئۇ يەردە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان كېسەكلەرنى، خۇمدانىنى ئىسسىقتا قىلىدىكەن، ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتتا. يولدىشىم ئىشلەۋاتقان بۇ ئىدارىدا (ئۇ ئۆزى دەپ بەردى ماڭا) 4- ئاينىڭ 20 سى 100 نەچچە بالىنى ئېلىپ كەپتۇ بۇ يەرگە. قەشقەردىن، ئاتۇشتىن، ئاقتۇدىن. ئاقتۇ دەيدىغان يەركەن. مەن ئۇقمايدىكەنمەن ئىسمىنى، ئۇ شۇنداق دېدى. «بىزنىڭ ئىدارىگە ساپ ياش بالىلارنى ئېلىپ كېلىپ توكۇۋەتتى قارا» دەپ كەلدى بىر كۈنى. «نېمە بولغانلار ئىكەن ئۇلار» دېسەم، «بەزىلىرى ئوقۇغانلار ئىكەن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلار» دېدى. «ھە، ھېلقى قۇل ئىشچى، قۇل ئىشچى دېگەنلەر شۇ ئىكەن - دە ئەمىسە، (مەجبۇرىي ئەمگەك دېدۇق. قۇل ئىشچى دېمىدۇق) مەجبۇرىي ئەمگەك دېگەن شۇ ئىكەن - دە» دېدۇق. ئۇلار قانداق ئىكەن؟ دېسەم، « ۋاي گەپ قىلما، مەن تۈزۈك بىلمىسەم خىتايچىنى (مەن ئۆگۈتمەنچۇ ئۇنىڭغا، سۆز جۈمىلىلەرنى كۈندە) مەن يا بىلمىسەم، باشلىقلار خىتايچىغا ئۇستا دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇلار قەتئىي چۈشەنمىگەندىكىن. مېنى تەرجىمە قىلىپ بەر دەپ ئەكىرگەن ئىدى، مەن تەرجىمانلىق قىلدىم» دېدى. مەن «توۋا، قىلالىدىڭىزمۇ؟» دېدىم. شۇ جەرياندا ماڭا تېلېيۇن قىلىپ نەچچە قېتىم مەندىن سورىغان ئىدى، «ماۋۇ نېمە دېگەن گەپ، ئاۋۇ نېمە دېگەن گەپ، ئۈندىدارغا يېزىۋېتە، ئۇقالمىدىم» دەپ. مەن تېخى، «نېمىگە بۇنداق قىلىۋاتقاندۇ» دېسەم، كېلىپ ماڭا دەپ بەردى.

ئۇلار بىلەن قانداق توختام قىلىپتۇ دېسىڭىز، تېلېيۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالىدىكەن ھۆكۈمەت. بىر ئايدا بىر قېتىم تېلېيۇن بېرىدىكەن، تېلېيۇندا كۆرۈشىدىكەن. شۇ ئىشلەۋاتقان يېرىدە ئەتراپىدىكى ھەرقانداق تونۇش بىلىش، تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا، بۇلار چىقىشقا، ئۇلار كېلىشكە قەتئىي رۇخسەت يوق ئىكەن. سىرىت بىلەن قەتئىي ئالاقىسى يوق ئىكەن، ئۈزۈلگەن ئىكەن. 12 سائەتتىن ئىشلەيدىكەن. مائاشىنى 1400 دېدىمۇ، 1600 دېدىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. 1700 مۇ يا، ئاشۇنداق بىر سان. تامىقى ئاشۇ يەردە، ئايرىم- ئايرىم يەرلەردە يېتىپ قوپىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ مەجبۇرى ئەمگەكتىكى بىر زاۋۇت. بۇنى مەن ئۆزۈم بىلىدىغان، ھەم ئۆزۈم كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ھەم ئۆزۈم ئاڭلىغان زاۋۇت، بۇ يەردىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتە ئىشلەۋاتقان قۇل ئىشچىلار .

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرسى، قۇل ئىشچىلار ئىشلەيدىغان يەر نە دېسىڭىز «باداۋەن گۇگېيۈ يۈەن» دەپ، ئۇ يەردىمۇ ناۋايلار، نەچچە يۈز بالىلار بار ئىكەن، ئوقۇغان بالىلار. ئۇلار ئاشۇ يەردە ناۋايلىق قىلىدىكەن. ئۇ يەرمۇ شۇنداق كەڭ ئېچىلغان. ئۇ يەرنىمۇ مەن كۆزۈم بىلەن كۆرگەن يەر. ئۇ 2019- يىلى 4- ئايلاردىمۇ ئىش قىلىپ. مەن ئۇ يەرگە قاراپ